

# ميراس

1997 (4)

# ئۇيغۇر باش كىيىملىرى





① مۇھەممەت ئىلى

② ④ ئىسمائىل ئىبراھىم

③ ئابلىز ئابدۇللا غوبۇسى



| | |
|---|---|
| 2 | 1 |
| 4 | 3 |



# مىراس

(پەسىللىك ژۇرنال)

1997-يىل

4-سان

(ئومۇمىي 46-سان)

ھەر پەسىلنىڭ ئوتتۇرا ئېيىنىڭ

20-كۈنى نەشىردىن چىقىدۇ

## مۇندەرىجە

### بۇرۇننىڭ بۇرۇنىدا


بىر جۈپ قىزىلگۈل ...................... توپلىغۇچى: پازىل مۇھەممەت (1)

مايمۇنەك بىلەن خۇنىزەك ...................... توپلىغۇچى: مۇتەللىپ پالتاجى (12)

باھار دانىش ...................... نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتتىمىن تۇردى (19)

مەنشرە بانۇ ...................... توپلىغۇچى: رابىيەم ئەمەت (61)

تۆت ساندۇق ...................... توپلىغۇچى: تۇرسۇن زىردىن (90)


### ئايدىڭ كېچىلەر


بىزنىڭ يارلار چىرايلىق ...................... توپلىغۇچى: سوپاخۇن ساۋۇرۇۋ (5)

سەن يارىمنىڭ كويىدا ...................... توپلىغۇچى: ھ.مىجىت، م.كامال (87)


### يىلتىزسىز دەرەخ بولماس


ئابىھايات ھەققىدە ...................... توپلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن ھېيت (56)

ئىگەر ھەققىدە ...................... توپلىغۇچى: ئابلەت ئوبۇلقاسىم (56)

سۇغۇر ھەققىدە ...................... توپلىغۇچى: مۇتەللىپ مۇھەممەت (57)

توققۇزاق نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە رىۋايەت ...................... (58)

## كۈلكە ـ جان ئوزۇقى

ھېسامنىڭ يېڭى چاقچاقلىرى ............ توپلىغۇچى: ماخمۇت مۇھەممەت (51)

## ئاتىلار سۆزى

ماقال-تەمسىللەر ................................ (59)
ماقال-تەمسىللەر ............ توپلىغۇچى: مەمتىلى سايىت (83)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرى توغرىسىدا ............ قەلبىنۇر مۇھەممەت (7)
تۈركىي مىللەتلەرنىڭ توي-تۆكۈنلىرىدىكى «چاچقۇ چېچىش» ئەنئەنىسى
توغرىسىدا ...................... فىكرەت تۈركمەن (44)
ۋېنگر خەلق چۆچەكلىرىدىكى شامانىزم مەدەنىيىتى ........ جوڭ جىنۋېن (73)
فولكلور ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات ................................ (88)

## ئۇچۇرلار

«مىللەتلەر فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى زامان جەمئىيىتى خەلقئارا ئىلمىي
مۇھاكىمە يىغىنى» ئۇرۇمچىدە ئېچىلدى ............ مۇختار مۇھەممەت (91)

## ھېكمەتلەر ھېكمىتى

ئاددىي رىتسىپلار ...................... مەتقاسىم ئابدۇراخمان (86)

مۇقاۋىدا: **تاھىر-زۆھرە** (دۇغ بوياق) ـ پەرھات ئىبراھىم سىزغان

باش مۇھەررىر: **ئابلىمىت سادىق**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: **ياسىن زىلال**

جاۋابكار مۇھەررىر: **يۈسۈپ ئىسھاق**

# بىر جۈپ قىزىلگۈل

بۇرۇنقى زاماندا، يىراق بىر يۇرتتا بىر-بىرىسىگە ئىنتايىن سادىق بىر جۈپ ئەر-خوتۇن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇلار ئۆز مېھنىتىگە لايىق كۈنلىرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىكەن. يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئائىلىنىڭ دۇنيالىقتا يالغۇز قالغان قېرى بىر دادىسى بار ئىكەن. ئۇلار ئۇ بوۋاينى ناھايىتى ياخشى كۈتۈپ، دۇئاسىنى ئالىدىكەن. كۈن-ئايلار ئۆتۈپ بوۋاينى كېسەل ئېگىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. ئۆزىنىڭ ئەمدى ئۆرە بولۇشىغا كۆزى يەتمىگەن بوۋاي قىزى ۋە كۈيئوغلىنى بېشىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

— باللىرىم، سىلەر ئىنتايىن ئىناق ئائىلە قۇرۇپ، تۇرمۇشىڭلارنى خاتىرجەم ئۆتكۈزىۋاتىسىلەر. سېنىمۇ ئوبدان باقتىڭلار؛ مەن بۇنىڭدىن ئىككى دۇنيالىق رازى. بۇندىن كېيىنمۇ خودا سىلەرنى خاتىرجەم ياشاشقا نېسىپ ئەتسۇن. مېنىڭ كۈنلىرىم ئاز قالدى. مەن سىلەرگە جىق نەرسە قالدۇرالمايمەن. ماڭا دادامدىن قالغان بىر پارچە كىتاب بار، مەن ئۇنى سىلەرگە قالدۇراي، بەلكىم ئەسقىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ ياستۇق ئاستىدىن بىر بوقچىنى چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ بوۋاي قازا قىلىپ كېتىپتۇ. ئۇلار يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئورنىغا كەلمەپتۇ. ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئوبدان ئۆزۈتۈپ، ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ.

كۈنلەر-ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى يىگىتنىڭ يادىغا قېيىن ئاتىسىدىن قالغان كىتاب كېلىپ، كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىدە كىتابنى قولىغا ئېلىپتۇ. ئوقۇپ كۆرسە كىتابقا پۈتۈن مىمارچىلىققا ئائىت نۇرغۇن ھېكمەتلەر جۇغلانغان ئىكەن. يىگىت باشقا ئىشنى تاشلاپ، مىمارچىلىق ھۈنىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كېتىپتۇ. نەچچە ۋاقىت ئۆتۈپ يىگىت ھۈنەردە كامالەتكە يېتىپ داڭقى ئەلگە تاراپتۇ.

بىر كۈنى يىگىت ئائىلىگە مەسلىھەت سېلىپ:

— خوتۇن، بۇ ئەلدە مىمارچىلىق ھۈنىرىدە مەن بىلەن بەسلەشكىدەك ئادەم يوق. نامىم ئەل ئىچىگە تارالدى، ئەمما باشقا يۇرتقا بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ ئۆي ياساش ئۇسۇلىنى كۆرۈپ باققىنىم يوق. بېرىپ بىر كۆرۈپ كەلسەم دەيمەن، سېنىڭچە قانداق؟ — دەپتۇ. ئائىلى ئېرىنىڭ مەسلىھىتىگە قوشۇلۇپتۇ. يىگىت بولسا سەپەر تەييارلىقى قىلىشقا باشلاپتۇ. ھەممە تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ سەپەرگە ئاتلىنىش ھارپىسىدا ئائىلى بىر جۈپ خاسىيەتلىك گۈلنى تېپىپ كېلىپ:

— سىز سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىز، بۇ گۈلنىڭ بىر تېلىنى سىز ئېلىپ مېڭىڭ، بىر تېلى مەندە قالسۇن. بۇ گۈلنىڭ خاسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سىز ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلسىڭىز قولىڭىزدىكى گۈل قۇرۇپ كېتىدۇ. مەن ۋاپاسىزلىق قىلسام مەندىكى گۈل قۇرۇپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. يىگىت گۈلنى ئېلىپ ئايالى بىلەن خوشلۇشۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئەمدى گەپنى باشقا يۇرتنىڭ پادىشاھىدىن ئاڭلايلى:

يىگىت نىشانلاپ ماڭغان يۇرتنىڭ پادىشاھى ئىنتايىن زالىم ئىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ چۈشىدە يەر يۈزىدە سېلىنىپ باقمىغان شۇنداق كاتتا بىر ئوردىدا شاھلىق سەلتەنەتنى سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. ئويغىنىپ چۈشىنى ئەسلەپ ئەتىگەندە بارلىق ۋەزىر-ۋۇزرا، ئەشرەپ، ياساۋۇللىرىنى چاقىرىپ:

— مەن كېچە چۈشۈمدە بىر شاھلىق ئوردا كۆردۈم، كۆڭلۈمگە بەكمۇ ياقتى. مەن ئوڭۇمدىمۇ شۇنداق ئوردىدا ئولتۇرۇشۇم كېرەك. سىلەرگە ھازىردىن باشلاپ پەرمان: چۈشۈمدە كۆرگەن ئوردىنى ئۈچ ئاي مۆھلەت ئىچىدە سېلىپ بولۇشۇڭلار شەرت. ئەگەر بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي ياكى سېلىنغان ئوردا چۈشۈمدىكىگە ئوخشىماي قالسا ھەممىڭلارنى بالا-چاقىلىرىڭلار بىلەن قوشۇپ جەھەننەمگە يوللايمەن، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ. ئوردا ئەھلىنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ-تېشىمۇ قېتىپ، تەرەپ-تەرەپكە قاتراپ بۇ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئۇستا تاپالماي، كوچا-بازارلارغا ئېلان چاپلاپتۇ. شۇنداق كۈنلەردە يىگىت بۇ شەھەرگە كېلىپ بىر دەڭگە ئورۇنلىشىپ، ئوردا-بىنالارنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىدە بازارغا چىقىپتۇ. ئادەملەر توپ-توپ بولۇشۇپ تۇرغان يەرگە كېلىپ قارىسا تامغا ئېلان چاپلاقلىق تۇرغان. يىگىت ئېلاننى ئوقۇپ ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا يول ئېلىپ، بىر دورغىغا ئۆزىنىڭ پادىشاھنىڭ چۈشىدە كۆرگەن ئوردىنى سالالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. دورغا ئۇنى پادىشاھنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىپتۇ. پادىشاھ ئوردا ئەھلىنى يىغىپ يىگىت بىلەن سۆھبەتلىشىپتۇ. ئاخىرىدا:

— ئەي يىگىت، ئەگەر مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك بولسا ساڭا بېرىدىغان ئىنئامىم چەكسىزدۇر. ئەگەر ئويلىغىنىمدەك بولماي قالسا ھالىڭ بەكمۇ خەتەردۇر! — دەپتۇ.

يىگىت:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھ، مەن بېلىمنى مەھكەم باغلاپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا كېلىشىم، ئەگەر بۇ ۋەزىپىنى سىلى ئويلىغاندەك قىلالمىسام كاللام بىلەن جاۋاب قىلىمەن. ئۇ چاغدا مېنى نېمە قىلسىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارى، — دەپتۇ.

يىگىت پادىشاھتىن كۆرگەن چۈشىنى قايتا بىر ئېيتىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. پادىشاھ چۈشىدە كۆرگەن ئوردىنى يىگىتكە سۆزلەپ بېرىپتۇ. يىگىت ئوردىغا كېتىدى-

ـغان ئادەم ۋە ماتېرىياللارنىڭ پۈتۈن ھېساباتىنى چىقىرىپ ۋەزىرلەرنىڭ تەييار قىلىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ. جېنىنىڭ ئامان قالغانلىقىغا شۈكرى قىلىشقان ۋەزىرلەر ھەممە نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ بېرىپتۇ. يىگىت نۇرغۇن ئادەملەرنى يېتەكلەپ ئوردىنى ياساشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بار ھۈنىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ ئىشلەپ، پادىشاھ بىلەن دېيىشكەن قەرەلدە ئوردىنى پۈتتۈرۈپتۇ. پادىشا قارىغۇدەك بولسا ئوردا چۈشىدە كۆرگەن ئوردىدىن نەچچە ھەسسە ياسىداق ۋە سەلتەنەتلىك بولۇپ ياسىلىپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلى يايراپ يىگىتكە قايىل بولۇپ ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. كۆڭلىدە «بۇ يىگىتنى رازى قىلىشنىڭ بىردىن-بىر يولى قىزىمنى بېرىش. قىزىمنى بەرسەم ئالەمچە خۇش بولۇپ كېتەر» دەپ ئويلاپ ۋەزىرلەرگە مەسلىھەت سېلىپتۇ. ۋەزىرلەر بۇ مەسلىھەتنى خوپ كۆرۈپتۇ. پادىشاھ يىگىت بىلەن ھېچقانداق مەسلىھەتلەشمەي پۈتۈن ئەلنى تويغا چاقىرىپتۇ. باشقىلاردىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يىگىت بىر تال قىزىلگۈلنى كۆتۈرۈپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ھۆرمەتلىك پادىشاھى ئالەم، ئاڭلىسام مەلىكىلىرىنى ماڭا ياتلىق قىلماقچى بوپلا، ھەممەتلىرىگە كۆپتىن-كۆپ رەھمەت. سىلىگە كۈيئوغۇل بولسام ماۋۇ قىزىلگۈلنىڭ ئېگىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلغان بولمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان پادىشاھ ئۆزىنىڭ پۈتۈن يۇرت ئالدىدا شەرمەندە بولىدىغانلىقىنى پەملەپ، يىگىتكە يالۋۇرۇپتۇ. يىگىت پادىشاھنىڭ يالۋۇرغىنىغا پىسەنت قىلماي، ئوردىدىن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپتۇ. ئاخىرى غەزەپكە كەلگەن پادىشاھ ۋەزىرلەرنى يىغىپ قانداق قىلىش چارىسىنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار كۆپ ئويلىنىپ يىگىتنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئايالىنى يولدىن چىقىرىپ، يىگىتنىڭ نومۇسىنى تۆكۈش يولى بىلەن مەقسىتىگە يەتمەكچى بولۇپتۇ. ئالدى بىلەن سول قول ۋەزىرنى ئەۋەتمەكچى بولۇپ پۈتۈشۈپتۇ. ئاڭغىچە پادىشاھ يىگىتنى ئوردىغا بەنت قىلىپتۇ.

سول قول ۋەزىر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، يىگىتنىڭ يۇرتىغا بېرىپ ئىزلەپ-سوراپ يىگىتنىڭ ئايالىنى تېپىپتۇ. ۋەزىر نۇرغۇن مال-دۇنيا بىلەن ئايالغا تەلەپ قويۇپتۇ. ئايال بولسا ۋەزىر ۋە مال-دۇنياغا كۆز قىرىنى سېلىپمۇ قويماپتۇ. ۋەزىر نۇرغۇن چارىلەرنى ئىشلەتكەن بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمەپتۇ. ئاخىرى شەرمەندىلەرچە قايتىشقا مەجبۇر بوپتۇ. سول قول ۋەزىر قايتىپ بېرىپ بولغان ئەھۋالنى پادىشاھقا بايان قىپتۇ. پادىشاھ سول قول ۋەزىرنىڭ ئەقىلسىزلىكىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئوڭ قول ۋەزىرنى يولغا سېلىپتۇ. ئوڭ قول ۋەزىر بېرىپمۇ تالانغان ئىتتەك سالپىيىپ قايتىپ كەپتۇ. پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭمۇ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۆزى يولغا چىقىپتۇ.

ئەمدى گەپنى ئايالدىن ئاڭلايلى: ئايال بولسا بۇ ئىشنىڭ يەنە تەكرارلىنىدىغانلىقىنى پەملەپ، بىر ئەرزنامە يېزىپ ئۆز يۇرتىنىڭ پادىشاھىغا سۇنۇپتۇ. پادىشاھ خەلق سۆيەر، ھەققانىيەتچى كىشى بولۇپ، ئەرزنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ ھەمدە بىر نەچچە نەۋكەرنى ئايالنىڭ ئۆيىنى ساقلاشقا ئەۋەتىپ، قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، يەنە شۇنداق ئىش تەكرارلانسا پۇت-قولىنى يەرگە تەككۈزمەي ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ پادىشاھ بۇ شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، ئۇقۇشۇپ يۈرۈپ ئايالنىڭ ئۆيىگە كەپتۇ. نۇرغۇن سوۋغا-سالاملارنى ئايالغا تەگلەپ ئۆز مەقسىتىنى بايان قىلىپتۇ. شۇ ئەسنادا ئۆيدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ياساۋۇللار تەرەپ-تەرەپتىن پادىشاھنى تۇتۇپ، پۇت-قولىنى يەرگە تەككۈزمەي ئۆز پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ:

— سەن نېمە جان؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى پادىشاھ:

— مەن بولسام سىزگە ئوخشاش پادىشاھ، — دەپتۇ.

— سەن بولساڭ ئۆز شەھىرىڭدە پادىشاھ، مېنىڭ ئالدىمدا گۇناھكارسەن. سۆزلە، نېمە سەۋەبتىن ئۇ پاك مەزلۇمغا بۇنداق قىلىقسىزلىق قىلىسەن؟ — دەپتۇ.

ھېلىقى بەدنىيەت پادىشاھ ۋەقەنىڭ باش-ئايىغىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ تېزدىن ئادەم ئەۋەتىپ يىگىتنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى بەدنىيەت پادىشاھ بىلەن يۈزلەشتۈرۈپ، يىگىتنىڭ ۋاپادارلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، بەدنىيەت پادىشاھنى ئۆز شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ ھەمدە يىگىتكە:

— مەن ساڭا قايىل بولدۇم. سەن شۇنداق ھۇنەرۋەن تۇرۇپ مېنىڭ ھىمايەمگە ئېرىشەلمەپسەن، «بىر ياخشىنىڭ قەدرى بولماس، بىر يامانىنى كۆرمىگىچە» دېگەن گەپ ھەققەتەن توغرا ئىكەن. سەن بۈگۈندىن باشلاپ ماڭا ۋەزىر بول، — دەپتۇ. يىگىت پادىشاھقا تەشەككۈر ئېيتىپ، بىر جۈپ ۋاپا گۈلىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ بىر جۈپ قىزىلگۈل دۆلەتنىڭ سىمۋولى بولۇپتۇ. يىگىت بىلەن ئايالى كۈنلىرىنى ئوردىدا بەختلىك ئۆتكۈزۈپ مەڭگۈلۈك ھەمرالاردىن بولۇشۇپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **مۇھەممەت ئاخۇن**

توپلىغۇچى: **پازىل مۇھەممەت** (كەلپىن ناھىيە بازار ئىچىدىن)

مۇھەررىرى: **ۋاھىتجان ئوسمان**

# بىزنىڭ يارلار چىرايلىق

كىچە يېتىپ ئۇيقۇم كەلمەس
ئۇزۇن تۈنلەردە.
يارىم يوقلاپ كەلسكەن
غېرىب كۈنلەردە.

مەن ساڭا كۆيدۇم دېسەم،
ئاستا قىزاردىڭ گۈل بولۇپ.
سەن خاراپ قىلدىڭ مىنى،
كۆيمەس تېنىمنى كۆيدۇرۇپ.

كۆڭلۈم چۈشتى كۆڭلۈڭگە،
كىردىم سېنىڭ كەينىڭگە.
ساق بېشىم ساراڭ بولدى،
يارىم، سېنىڭ دەردىڭدە.

ئۆستەڭ ياقلاپ بارسام،
مىراپ ساپتۇ كۆۋرۈكنى.
مەن ئۆزۈم كۆيمەس ئىدىم،
خۇدا ساپتۇ كۆيۈكنى.

ئىشىك ئالدى باراڭلىق
بىزنىڭ باغلار چىرايلىق.
شۇنچە خەق ئارىسىدا،
بىزنىڭ يارلار چىرايلىق.

باغقا كىردىم كىچىلەپ
مارى دېگەن داڭلىق بىلەن.
ئاچچىقى كەلسە ئۇرادۇر،
قولىدىكى ياغلىق بىلەن.

قوي ئۆلۈپ، قويلار ئۆلۈپ،
قوزىسى مەرەپ قالمىسۇن.
يار ئۆلۈپ، يارلار ئۆلۈپ،
ئاشىقى يىغلاپ قالمىسۇن.

چىراغلار ئۆچۈپ قاپتۇ،
پەرلەپ قويسا كۆيمەمدۇ؟
بىزنىڭ يارلار كەلمەپتۇ،
چىللاپ قويسا كەلمەمدۇ؟

خوي غېرىپ بولدى كىشى،
باغداش دېگەن ئىچىدە.
قاناتىم بولسا ئۇچاتتىم
بۇ قاراڭغۇ كېچىدە.

ئۇيان قايرىل، بۇيان قايرىل،
يار سايان قايرىل.
تاپقان-تەرگىنىڭنى بېرىپ،
ياماندىن ئايرىل.

يارىنىڭ بېشىدا شەرى ياغلىق،
قاش-كۆزى كۆرۈنمەيدۇ.
يارىم بىلەن ئولتۇرسام،
غەم غەمدەك بىلىنمەيدۇ.

يارىمنىڭ ئۆيى قايدىدۇر،
سۆيى ياخشى سايدىدۇر.
ۋەدىسى يالغان يارنىڭ
قونالغۇسى قايدىدۇر.

ئۆستەڭ بويلاپ يار ماڭدى،
قاراپ قالدىم يانغۇچە.
كۆرەلمىدىم يارىمنى
يۈرەكلىرىم قانغۇچە.

تاغ ئارىلاپ يۈرگىمدەك،
باغ ئارىلاپ يۈرگىدەك.
مەن يارىمدىن ئاگلىسام،
مەندىن يامانلاپ يۈرگىدەك.

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
قوناققا سۇ ئاچاي دەملا.
ئوتلارنى سىلىپ قويۇپ،
غىپپىدەك قاچاي دەمدىلا.

ئاتلىرىڭ ئارىسىدا،
مىنىڭدەك ئېتىڭ بارمۇ؟
ئەجەپ تولا قارايسەن،
ماڭا بىر كېپىڭ بارمۇ؟

بېغىڭغا كىرەي دېسەم،
شوراڭنى تاپالمىدىم.
يارنى يار دېگەن بىلەن،
بىر كېچە ياتالمىدىم.

ئاي خېنىم ئايدەككىنە،
مىنگىنىڭ تايدەككىنە.
يۈزۈڭگە سەپكۈن چۈشتى،
بويۇڭدا باردەككىنە.

پۈتۈمنىڭ مادارى يوق،
ئەل بىلەن ماڭالمايمەن.
بەختى-تەلىيىم شۇدۇر،
مەن كىمدىن يامانلايمەن.

ساماندەك سارغىيىپ بولماس،
بۇلۇتتەك ئاقىرىپ بولماس.
خۇدا بەرگەن ئىزىز جاننى
يامانغا خار قىلىپ بولماس.

توپلىغۇچى: **سوپاخۇن ساۋۇرۇۋ** (ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىدىن)

مۇھەررىرى: **يۈسۈپ ئىسهاق**

# ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرى توغرىسىدا

قەلبىنۇر مۇھەممەت

ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىي ئىزلىرىمىزگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، خېلى كۆپ مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىزنى خەلقىمىز ئۆزلىرى ئىجات قىلىپ ۋە يارىتىپ ئۆزلىرى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئىجتىمائى تۇرمۇش مەزمۇنى قىلىپ كەلگەنلىكى، شۇنداقلا قەدىمقىگە ۋارىسلىق قىلىپ، بېيىتىپ، يېڭىنى يارىتىپ، بۈگۈنكى بىر پۈتۈن مەدەنىيەت كاتېگورىيەسىنى بەرپا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ خىل مەدەنىيەت ئامىللىرى ئۆرپ-ئادەت، قائىدە-يوسۇن... قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق خەلقىمىز ئارىسىغا كەڭرى تارقىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى پىسخىكىسىغا بىۋاستە تەسىر قىلىپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ مەدەنىيەتنى قېزىش، رەتلەش ئىشلىرىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق باشلىنىشىغا ئەگىشىپ خەلق فولكلورى ئىچىدىكى ھەر بىر تۈرلەر ئۆز ئالدىغا مۇقىم تەتقىقات مۇنبىرىنى ھازىرلىدى. خەلق پەرھىزلىرى دەل ھازىر ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈپ تەتقىق قىلىنىۋاتقان تېمىلاردىن بىرىسىدۇر.

پەرھىز — پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، خەلقئارادا بىردەك «تابو» (Taboo) دەپ ئاتىلىدۇ. «تابو» دېگەن بۇ سۆز تېنچ ئوكيانىنىڭ پولىنېزىيە ئاراللىرىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىلى بولۇپ «مۇقەددەسلەنگەن»، «پاك بولمىغان» ۋە «يېقىن كەلگىلى بولمايدىغان» دېگەن مەنىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق پەرھىزلىرىنىڭ ئەسلى مەنىسىگە قارىغاندىمۇ ئوخشاشلا بىرىنچىدىن، خەلق ئارزۇلىغان، مۇقەددەسلىگەن ئوبيېكتلارنى خالىغانچە تىلغا ئالماسلىق، ئالاھىدە شارائىت، ئالاھىدە ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ ھۆرمەت نامىنى تىلغا ئېلىشنى، ئىككىنچىدىن، پاك بولمىغان، كىشىلەر تەرىپىدىن پەس كۆرۈلىدىغان نەرسىلەرنى تىلغا ئېلىشقا، ئۇنىڭغا يېقىن كېلىشكە بولمايدىغان قائىدىلىك ھەرىكەتنى، ئۈچىنچىدىن، بۇ قائىدىلەر بۇزۇلسا كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: خەلقىمىز ئارىسىدا يەر ئانا، تاغ ئاتا، ئۇماي ئانا... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بار. بۇ خىل ئاتىلىشتىكى سەۋەب، ئىپتىدائى دىنىدا يەر، تاغ كۆك ئىلاھلىق ئورنىغا ئىگە بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن مۇقەددەسلەنگەن ھەمدە خالىغانچە تىلغا ئېلىش پەرھىز بولغانلىقتىن ئۇلارغا سىغىنغاندا، ئۇلارنى ياد ئەتكەندە شۇنداق

ئاتىغان. سىماچيەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر» دە مۇنداق مەلۇمات بار:

ھۇن تەڭرىقۇتى سەھەردە چېدىرىدىن چىقىپ يېڭىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشقا، كەچتە ئايغا بەيئەت قىلاتتى. ئۇلار ئاي ۋە يۇلتۇزلار روشەنلەشكەن ۋاقىتلاردا دۈشمەنگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. ئاي كەمتۈكلەشكەندە قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرەتتى...

بۇ خاتىرىدە قەدىمكى كىشىلىرىمىزنىڭ تەبىئەتكە بولغان چوقۇنۇشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن قۇياش، ئاي ئېتىقادچىلىقى ھەمدە بۇ ئىلاھلارغا سېغىنىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان پەرىز روشەن ئەكس ئېتىدۇ، يەنى ئاي ئىلاھى ئۆز نۇرىنى ئىنسانلارغا تولۇق چاچقاندا زەپەر قۇچقىلى بولىدۇ، دېگەندەك ئىپتىدائىي قاراش گەۋدىلىنىدۇ.

خەلق پەرىزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن قارىغاندا، ئۇ قەدىمىي بولغان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئىنسانلار مۇئەييەن ئىجتىمائىيلىقنى شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئىلاھ قارىشىنىڭ يېتەكچىلىكىدە مەيدانغا چىققان ئىپتىدائىي ھادىسىدۇر. پەرىزنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ «روھ» قارىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن دىنىي مۇراسىملار، مۇرەككەپ پىسخىك ھالەتلىرى چوڭقۇر رول ئوينىغان. «پەرىز ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق تىلسىز بۇيرۇقلار گەرچە زامان، ماكان، شارائىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلسىمۇ، ئەمما پەرىزنىڭ پەيدا بولۇشىدا روھنىڭ غەزەپلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىشتەك ئىدىيىۋى قاراش ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغان.» ①

شۇڭىمۇ روھ ئېتىقادچىلىقى خەلق پەرىزلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ، بىر تەرەپتىن تەبىئەتتىن قورقۇش ئىدىيىسى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ساددا تەپەككۇرى، مول بولمىغان تەجرىبىلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان مەغلۇبىيەتلىرى ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن تۇغۇلغان خاتا قاراشلىرى ئاخىرىدا يەكۈنلىنىپ بەلگىلىك پەرىزلىك تىل، پەرىزلىك قائىدىلەرنى شەكىللەندۈردى. «ئىنسانلارنىڭ بىر قېتىملىق ياكى كۆپ قېتىملىق مەغلۇبىيەتلىرى ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىرىنى يوقىتىپ قويدى، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن قايتا ئاكتىپلىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىقتەك سىرلىق پىسخىك ھالەتلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ يەڭگىلى بولمايدىغان ئالاھىدە تەرەپلىرىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ ۋە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ قويدى. نەتىجىدە، ئۆزلىرىنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى چەكلەيدىغان قائىدە، مۇراسىملار بارلىققا كەلدى» ②.

پەرىزنىڭ مانا مۇشۇنداق يوسۇندا پەيدا بولۇشى ئىپتىدائىي دىنلىرىمىزدىكى تەبىئەتكە چوقۇنۇش، تۇتېمغا چوقۇنۇش

ۋە ئەجدادقا چوقۇنۇش قاتارلىق ئۈچ ھالقىنى تېخىمۇ مۇكەممەللىككە، سىرلىق--سېھىرلىككە ئىگە قىلغاچقا كىشىلەرگە تېخىمۇ مۇقەددەس تۇيۇلىدىغان بولدى. شۇڭىمۇ گېرمانىيە ئالىمى ۋانت (Wandt) «توتېم پەرھىزى بولسا ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكىلسىز قانۇنى.» ③ دەپ كۆرسەتكەن. فرانسىيە ئالىمى بى سوڭ بولسا: «مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا توتېمىزىم بولسا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قانۇنى ئىدى.» ④ دەپ كۆرسەتكەن. پەرھىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادتا ئالاھىدە ئورۇن ئىگەللىشىدىكى سەۋەبمۇ دەل ئۇنىڭ بىر ئۆرپ-ئادەتلا بولۇپلا قالماستىن يەنە ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە قانۇنلۇق رولنى ئوينىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. شۇڭلاشقا ئىپتىدائىي ئېتىقادتا توتېم قىلىنغان ياكى ئىلاھىي ئورۇنغا قويۇلۇپ چوقۇنغان، مۇقەددەسلەنگەن ئوبيېكتلارغا خالىغانچە مۇئامىلە قىلىش چەكلەنگەن. ئەگەر خىلاپلىق قىلىنسا روھ تەرىپىدىن قاتتىق جازاغا تارتىلغان. توتېمنىڭ بۇ خىل ئىلاھلىق ئالاھىدىلىكى دەل پەرھىز تەرىپىدىن گەۋدىلەنگەن. مەسىلەن: «بۈيۈك تۈرك تارىخى» دا خاتىرىلەنگەن «كۆچ ئەپسانىسى» دا مۇنداق ۋەقەلىك سۆزلىنىدۇ:

ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تەڭرىتاغ بىلەن ئۇنىڭ جەنۇبىدا قۇت تاغ دەيدىغان بىر تېغى بار ئىكەن. قىزىنى بۇ خانلىقنىڭ ئوغلىغا بەرگەن چىنلىقلار ئۇيغۇر ئېلىنىڭ سائادىتى بولغان بۇ قۇت تاغدىكى مۇقەددەس تاشنى تەلەپ قىپتۇ. خانلىق ئاسانلىقچە يۆتكىگىلى بولمايدىغان بۇ تاشنى قىزىپ، پارچىلاپ ھارۋىلارغا بېسىپ بېرىپتۇ. شۇندىن باشلاپ بۇ ئەلنى پالاكەت بېسىپتۇ. خانلار بىر-بىرلەپ ئۆلۈپتۇ ھەمدە خاقانغا پۈتۈن ھايۋانلارنىڭ، قۇشلارنىڭ ھەتتا بۇۋاقلارنىڭ ھاياجان بىلەن «كۆچ، كۆچ» دېگەن ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپتۇ. بۇلار كۆچۈپ جىمسارغا كەلگەندىلا بۇ ئاۋازلار توختاپتۇ...

يۇقارقى ئەپسانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تاش ئېتىقادچىلىقىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغانلىقى ھەمدە مۇقەددەسلەنگەن، ئىلاھلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرىگە خالىغانچە مۇئامىلىدە بولغانلىقنىڭ ئاقىۋىتى روشەن ئەكس ئەتكەن. ئوت ئېتىقادچىلىقىدىمۇ ئوتنى پىچاق بىلەن كەسسە بولمايدۇ، ئۆچۈرۈپ قويسا بولمايدۇ، ئاتلىسا بولمايدۇ، كۆلگە تەرەت قىلسا بولمايدۇ، مېيىت چىققان ئۆيدە يەتتە كۈنگىچە چىراقنى ئۆچۈرۈپ قويسا بولمايدۇ... دېگەندەك خەلق پەرھىزلىرى پەيدا بولغان ھەمدە تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ پەرھىزنىڭ چېتىشلىق دائىرىسىمۇ كېڭەيگەن. بۇنىڭ بىلەن خەلق پەرھىزلىرى دىنىي پەرھىز، ئىشلەپچىقىرىش پەرھىزى، تىل پەرھىزى،

ئادەتتىكى تۇرمۇش پەرھىزى دەپ تۆت تۈرگە بۆلۈندى. ئىشلەپچىقىرىش پەرھىزى. مەسىلەن: چارۋىچىلىقتا ماللارنى باغلىغان ئارغامچىدىن ئاتلاپ ئۆتسە بولمايدۇ، مال پادىسىنى يېرىپ ئۆتسە بولمايدۇ، دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈردى. دىنىي پەرھىزى. مەسىلەن: مازارلىقتا باش يارمىقنى ئۇدۇللاپ قەۋرە كۆرسەتسە بولمايدۇ، هازىدار قاتتىق يىغلىسا بولمايدۇ... دېگەندەك پەرھىزلەر بار. تىل پەرھىزلىرىدە، باشقىلارنى خالىغانچە قارغىماسلىق كېرەك. بولمىسا قارغىش تۇتۇپ كېتىدۇ. «ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كېتىش»... كەئوخشاش پەرھىز ئادەتلىرى مەۋجۇت. ئادەتتىكى تۇرمۇش پەرھىزلىرى بولسا، ئولتۇراق جاي، يېمەك-ئىچمەك، تازىلىق، سالامەتلىك، قاتناش، ئەخلاق، قائىدە-يوسۇنغا ئائىت مەزمۇنلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: يېڭى ئولتۇراق جاي سالغاندا نەزىر-چىراق قىلمىسا بولمايدۇ، تاماق ئەتكەندە باش كىيىم كىيمىسە تاماق هارام بولىدۇ. باشقىلارغا قاراپ تۇرۇپ كېرىلمەسلىك، تاپىنىنى باشقىلارغا كۆرسەتمەسلىك، بولمىسا سەت چىراي بولۇپ قالىدۇ، تاماق ۋاقتىدا كۈلسە، توختىماي گەپ قىلسا بولمايدۇ، ئەگەر بۇنىڭغا رىئايە قىلمىسا تامىقىنىشەيتان يەپ كېتىدۇ، دېگەندەك پەرھىزلەر قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ.

خەلق پەرھىزلىرى بىر خىل مەدەنىيەت هادىسىسى بولۇش سۈپىتىدە هەر بىر جەمئىيەت قۇرۇلمىسىغا ماسلاشقان هالدا تۈرلۈك مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈردى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتكە خاس پەرھىزلەر سىنىپسىز جەمئىيەت ئالاهىدىلىكىنى، سىنىپي جەمئىيەت پەرھىزلىرى سىنىپي جەمئىيەت ئالاهىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى. بۇنىڭ بىلەن خەلق پەرھىزلىرىنىڭ مەدەنىيەت قاتلىمى تېخىمۇ كۆپىيىپ هەر خىل شەكىللەرنى ياراتتى. مەسىلەن: بۈگۈنكى كۈندە تۇغۇتلۇق ئۆيگە سىرتتىن ئالدىراپ كىرىش پەرھىز هېسابلىنىدۇ. قىزلار چوقۇم كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇشى كېرەك. ئاياللار ئۆز ئۆيىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈۋەتمەسلىك تەكىتلىنىدۇ. بۇلارنىڭ هەممىسى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە ئانىلارنى هۆرمەتلەش ئىدىيىسىنىڭ تۈرتكىسىدە شەكىللەنگەن پەرھىزلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ساقلىنىپ قالغان بىر قىسمىدۇر.

دېمەك، خەلق پەرھىزلىرى ئۆزلۈكسىز ئۆزگۈرىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. پەرھىزنىڭ مەزمۇنىدا، ئىنسانىيەت تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيىتىگە بولغان رولىدا ياكى ئۇنداق، ياكى مۇنداق ئوخشاشمىغان ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. بۇ ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ هەممىسى سىرتقى مۇهىتتىن، ئىنسانلارنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تونۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. يەنە بەزى پەرھىزلەر پاسسىپ مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. پاسسىپ مەزمۇنلارنىڭ روشەنلىشىشى پەرھىزنىڭ ئىنسانلارنى كونترول قىلىش، توساش ئۇسۇلى ئارقىلىق زىددى-

يەت، توقۇنۇش ۋە كۈرەشتىن يىراقلاشتۇ-رۇش، ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق خەتەردىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ، ئەمما خەتەرنى قانداق قىلىپ يېڭىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتمەي-دۇ. جۇ تيەنشۇن ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئىپتىدائىي دىن» دېگەن كىتابىدا، ئىپتىدائىي دىندىكى ھەر خىل پەرھىزلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئىنسانلارنى-ڭ تەبىئەت ئالدىدىكى ئاجىزلىقى ۋە ئامالسىزلىقلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغانلىقى-نى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشىغا خىلمۇ خىل توساقلارنى قۇرۇپ، تەبىئەتكە بوي سۇنۇشنى، كۈرەش قىلماسلىقنى تەكىتلەيدىغانلىقنى كۆرسەت-كەن. ئەمەلىيەتتە بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆزىمىزنى چۈشەپ قويىدىغان، ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىمىزغا توسالغۇ بولىدىغان پەرھىزلەرمۇ مەۋجۇت. ئەمما، شۇنىمۇ كۆرسىتىش كېرەككى، بۇنىڭلىق بىلەن خەلق پەرھىزلىرىنىڭ ئاكتىپ تەرەپلىرىنى يوققا چىقىرىۋېتىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بىزنىڭ كۈندۈلۈك تۇرمۇشىمىزدا كىشىلەرنى ياخشى يولغا باشلايدىغان، ئەخلاقلىق، غايىلىك، ئىقتىسادچىل بولۇشقا چاقىرىدىغان ياخشى خەلق پەرھىزلىرى ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن: نان، گۆرۈچ، تۇز دەسسەلسە يامان بولىدۇ، تامىقىنى پاكىز يېمىسە رىسقى چالا بولۇپ قالىدۇ، غەيۋەت قىلسا يامان بولىدۇ، كۈن كۆتۈرۈلگىچە ئۇخلىسا يامان بولىدۇ، كېيىمنى تەتۈر كىيسە يامان بولىدۇ، كۆرۈنگەن جايغا يۇندا تۆكسە يامان بولىدۇ، دېگەنگە ئوخشاشلار. بۇلار ئەلبەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىسخىكىسىغا چوڭقۇر سىڭىپ، گۈزەل ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

دېمەك، خەلق پەرھىزلىرى مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەزمۇنىغا يەنە بىر مەزمۇن قوشىدۇ، خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر جەريانىدا شەكىللەنگەن مۇرەككەپ پىسخىك ھالەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ، ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى بېيىتىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى نامايەن قىلىدۇ ھەمدە ئىنسانشۇناسلىق، فولكلورشۇناسلىق ئۈچۈن زور تېما ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ.

**ئىزاھات:**

① فىرۇئىد: «توتېم ۋە پەرھىز»، جۇڭگو خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەشرىياتى، (خەنزۇچە)

② جۇ تيەنشۇن: «ئىپتىدائىي دىن»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، (خەنزۇچە)

③ ④ دىڭ چىڭ: «جۇڭگو خەلق پەرھىزلىرى»، يازغۇچىلار نەشرىياتى، 1991-يىل نەشرى، (خەنزۇچە)

مۇھەررىرى: **ۋاھىتجان ئوسمان**

# مايمۇنەك بىلەن خۇنزەك

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىكەن.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھ ئوغلىنى ئۆيلەمەكچى بولۇپ ئالدىغا چاقىرىپتۇ-دە:

— ئوغلۇم، سېنىڭ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى. مانا بۇ ئوقنى ساداقىقا سېلىپ، خالىغان تەرىپىڭگە قارىتىپ ئاتقىن، ئاتقان ئوقۇڭ كىمنىڭ ئۆيىگە چۈشسە، شۇ ئۆينىڭ ئىگىسى مەيلى باي، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، شۇ كىشىنىڭ قىزىنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ-دە، ئوق بىلەن يانى بېرىپتۇ.

شاھزادە «تەۋەككۇل!» دەپ كۆزىنى يۇمۇپ بىر تەرەپكە قاراپ، يانىڭ كىرىچىنى بولىشىغىچە تارتىپ ئوقنى ئېتىپتۇ، لېكىن شاھزادىنىڭ ئاتقان ئوقىنىڭ ھېچيەردىن دېرىكى بولماپتۇ.

شاھ پۈتۈن مەملىكەتكە جاكار چىقىرىپ، كىمكى شاھلىق مۆھرى بېسىلغان ئوقنى نىشانە كەلتۈرسە ياكى خەۋەر يەتكۈزسە، يۈز تىللا سۆيۈنچە بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. بۇ جاكاردىن خەۋەر تاپقان كەمبەغەل بىر ئوتۇنچى بوۋاي جاڭگالدا بىر كامانىڭ ئاغزىدا سانجىلىپ تۇرغان شاھلىق مۆھرى بېسىلغان ئوقنى كۆرگەنلىكىنى ئوردىغا خەۋەر قىلىپ يۈز تىللانى ئاپتۇ.

شاھ ۋەزىر-ۋۇزرا، ئاقىلۇ-دانا، ئەرباب-ئەركانلىرىنى باشلاپ، ئوتۇنچى بوۋاينى ئەگەشتۈرۈپ، ھېلىقى كامانىڭ يېنىغا بېرىپ قارىسا، كامانىڭ ئاغزىدا ئىنچىكە پۈتلۈق، ئالتۇن يوگىلۈك، زىلۋا بويلۇق بىر مايمۇن ئولتۇرغىدەك. بۇنى كۆرگەن شاھ: «ئاھ، پېتىر پېشانەم، بۇ نېمە ئاھانەت، نېمە نومۇس!؟» دەپتۇ-دە، كەينىگە يېنىپ ئۇدۇل ئوردىغا قايتىپ كەپتۇ.

باشقىلار بۇ مايمۇننى ئېلىپ كېتىشنى ياكى قويۇپ كېتىشنى بىلەلمەي، ئارسالدا بولۇپ تۇرۇپ قېلىشىپتۇ. دەل شۇ چاغدا مايمۇن خۇددى ئادەمگە ئوخشاشلا سۆزلەپ:

— مەرتىۋىلىك ئاتىلار، مېنى ئېلىپ كېتىڭلار، مەنمۇ شاھ قىزلىرىدىن قىلىشمايمەن. مېنىڭ ئىسمىم مايمۇنە، لېكىن مېنى مايمۇنەك دەپ ئاتىشىدۇ. مەن شاھ ئاتامغا ۋاپادار بولالايمەن، — دەپتۇ.

بۇ خەۋەر شاھقا يەتكۈزۈلۈپتۇ. شاھ كېلىپ مايمۇنەنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپتۇ.

شاھ ۋە ئۇنىڭ ھەمرالىرى بۇ ھادىسىدىن ھەيران بولۇپ، «تۇۋا! تۇۋا!» دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ، ئۆزلىرىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قېلىشىپتۇ ۋە مايمۇننى ئېلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشۇپتۇ. شاھنىڭ مايمۇننى كېلىن قىلىش ئۈچۈن

ئېلىپ كەلگەنلىكىنىڭ خەۋىرى ھەش-پەش دېگىچە ئوردا ئىچى ۋە سىرتىغا يېيىلىپ كېتىپتۇ.

شاھ كىشىلەرنىڭ گەپ-سۆز، كۈلكە-مازاق، تاپا-تەنىلىرىگە قارىماي، مايمۇننى ئوغلىغا نىكاھلاپ بىر ھوجرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، شاھزادە ئېغىلدەك بىر ئەسكى ئۆيدە مايمۇنەك بىلەن بىللە كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

مايمۇنەك ھەر كۈنى كەچتە ئۇستىدىكى مايمۇن تېرىسىنى يېشىپ تاشلاپ، ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار شۇنداق ساھىبجامال بىر قىزغا ئايلىنىپ كېتىدىكەنكى، ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىدىن گۈل خىجالەتتە قالىدىكەن، نۇرىدىن ئۆينىڭ ئىچى يورۇپ كېتىدىكەن. شۇڭلاشقا شاھزادە كۆپ ۋاقتىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكۈزۈپ، تالا-تۈزگە چىقمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ كوچىلارغا كام چىقىسمۇ، ئەل-جامائەتنىڭ مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشىدىن، تەنە گەپلىرىدىن خالىي بولالمايدىكەن. ئۇ كېيىنچە ئۆيىدىن پۈتۈنلەي چىقماس بولۇپ قاپتۇ ۋە مايمۇنەكتىن مايمۇن تېرىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى سوراپتۇ. لېكىن، مايمۇنەك: «ئۇنداق قىلىشقا تېخى ۋاقتى بار، ئالدىرىماڭ» دەپ ئۇنىماپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھ كېلىنىنى سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، شاھزادىنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ-دە، بىر خالتا ئۇن بېرىپ:

— كېلىنىڭگە نان ياقتۇرۇپ كەل! — دەپ بۇيرۇپتۇ. ئەسلىدە شاھ مايمۇنەكنىڭ قولىدىن ئادەمگە ئوخشاش سۆزلىگەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭدا بىر خىسلەت بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ يۈرگەن ئىكەن.

شاھزادە ئېلىپ كەلگەن ئۇننى مايمۇنەكنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئاتىسىنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن مايمۇنەك:

— كۆپ غەم قىلماڭ، ئاتىمىزنىڭ كۈتكىنىدىن ئوبدانراق نان پىشۇرۇپ بېرىمىز. سىز پەقەت مېنى ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى كامانىڭ ئالدىغا بېرىپ: «خۇنىزەك، سېنى تۆمۈر تەگنىنى ئېلىپ كەلسۇن دېدى» دەپلا كەينىڭىزگە قارىماي قايتىپ كېلىڭ! — دەپ جېكىلەپتۇ.

شاھزادە مايمۇنەكنىڭ دېگىنىنى قىلىپ كەپتۇ.

كەچقۇرۇنلىقى مايمۇنەدىنمۇ چىرايلىقراق بىر قىز تۆمۈر تەگنىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ:

— ئاچا، نېمە ئىشقا بۇيرۇيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

مايمۇنە ئەھۋالنى سىڭلىسىغا مەلۇم قىپتۇ.

خۇنىزەكنىڭ يەتمىش ئىككى خىل ھۈنىرى بار ئىكەن. ئۇ تۆمۈر تەگنىگە ئۇننى تۆكۈپ، قانداقتۇر بىر يېرىنى ئاستا بۇراپ قويغان ئىكەن، تەگنە گۈرۈلدەپ ھەرىكەتلىنىپ، ئاجايىپ چىرايلىق نانلار قىزىرىپ پىشىشقا باشلاپتۇ.

شاھزادە ئەتىسى ئەتىگەندە پىشۇرۇلغان نانلارنى ئالتۇن لىگەنگە سېلىپ، شاھنىڭ

ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

شاھ ئاندىن بىر بۇردا ئۇشتۇپ، تېتىپ كۆرۈپ ھەيرانلىقتا ئاغزى ئېچىلىپ قاپتۇ، چۈنكى شاھ ئۆمرىدە مۇنداق مېزىلىك ناننى يەپ كۆرمىگەن ئىكەن.

شاھ مايمۇنەكتە قانداقتۇر خاسىيەتلىك سىرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، ئىككىنچى كۈنى شاھزادىگە بىر تاغار پاختا بېرىپ:

— بۇ پاختىدا كېلىنگە رەخت توقۇتۇپ كەلگىن! — دەپتۇ.

شاھزادە پاختىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە مايمۇنەككە ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپتۇ. مايمۇنەك كۈلۈپ قويۇپ:

— غەم قىلماڭ، بۇنىڭمۇ بىر يولىنى قىلىمىز. سىز يەنە ھېلىقى كامانىڭ يېنىغا بېرىپ «خۇنىزەك، تۆمۈر كالىنى ئېلىپ كەلسۇن دىدى» دەڭ! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

بۇ قېتىم خۇنىزەك خۇددى كالىغا ئوخشايدىغان بىر تۆمۈرنى كۆتۈرۈپ كەپتۇ-دە، رەخت توقۇش لازىملىقىنى بىلگەندىن كېيىن، تۆمۈر كالىنىڭ بوغۇزىغا پاختىنى سېلىپ، قانداقتۇر بىر يېرىنى بۇراپلا قويغان ئىكەن، ئۇنىڭ بىر چېتىدىن ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى سىپتا توقۇلغان گۈللۈك رەختلەر رەت-رەت چىقىشقا باشلاپتۇ.

بۇنداق چىرايلىق توقۇلغان رەختلەرنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان شاھ مەمنۇن بولۇپ، كېلىنىم راستىنلا بىر خاسىيەت ئىگىسى ئىكەن، دەپ ئويلاپ ئەتىسى ئۇنى مېھمانغا چاقىرىپتۇ.

شاھ مېھمانغا ئوردا ئەربابلىرىنىڭ قىز-كېلىنلىرى، ئاغىچە-ئايىملىرى ۋە شەھەرنىڭ قازى-كالان، ھاجى-ھەرەملىرىنىڭ بوۋىلىرى بىلەن خېنىملىرىنىمۇ چاقىرغان ئىكەن. چارباغ ھەر خىل زىبۇ-زىننەتلەرنى تاقاپ، تاۋار-دۇردۇنلىرىغا پۈركەلگەن مېھمانلار بىلەن تولۇپتۇ. مايمۇنەك تېخىچە كەلمىگەن ئىكەن.

مايمۇنەكنىڭ كەلمەيۋاتقانلىقىدىن گۇمانلانغان مېھمانلار ھەر قەيەرگە تۆت-بەشتىن توپلىشىۋېلىپ: «مايمۇنىمۇ مېھماندارچىلىققا كېلەمدۇ؟» دېيىشىپ غەيۋەت قىلىشىپ مازاق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ.

دەل شۇ چاغدا باققا تۆت ئاق بوز تۇلپار قوشۇلغان، زەر ئېپەك پەردە تارتىلغان مەر-مەر دېرىزىلىك ئالتۇن ھارۋا كىرىپ توختاپتۇ. ھارۋىدىن كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ ئېسىل كىيىملەرنى كىيگەن بىر جۈپ قىز مايمۇنەك بىلەن خۇنىزەك چۈشۈپتۇ. بۇلارنىڭ قايسى مايمۇن قىز ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمەپتۇ. ھەممەيلەن بۇ كېلىشكەن ساھىبجامال قىزلارنىڭ قىممەت باھالىق كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن زىبۇ-زىننەتلىرىگە قاراپ ھەيران قىلىپ، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشىپتۇ.

خانىش مېھمانلارنى نازۇ-نېمەتلەر بىلەن لىق تولغان داستىخانغا تەكلىپ قىپتۇ.

مايمۇنەك بىلەن خۇنىزەك ئەدەب بىلەن مېھمان بولۇشۇپتۇ...

ساھىبخان، كۈتكۈچىلەر مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چۆچۈرە كەلتۈرۈپتۇ. ھەممەيلەن چۆچۈرە ئىچىشقا تۇتۇنۇپتۇ، بىراق مايمۇنەك

بىلەن خۇنىزەك چىنىسىدىكى چۆچۈرىلىرىنى ئىچمەستىن يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە قويۇۋاپتۇ. باشقىلار بۇ ھالنى كۆرۈپ: «ماۋۇ ساراڭ-لىقنى قاراڭلار!» دەپ كۈلۈشۈپتۇ.

داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، نەغمە باشلىنىپتۇ. ئەل قاتارى مايمۇنەك بىلەن خۇنىزەك ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇلغا چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن مېھمانلار، ئۇلارنىڭ يەڭلىرىدىكى چۆچۈرىلەر سورۇنغا تۆكۈلۈپ ھازىرلا رەسۋايى جاھان بولىدۇ، دەپ ئويلاپ تۇرۇشقان ئىكەن، بىراق ئۇلار قوللىرىنى ھەر قېتىم ئېگىز كۆتۈرۈپ چۈشەرگەندە، يەڭلىرى ئىچىدىن چۆچۈرە ئەمەس، بەلكى تەڭگە-تىللا، ئۈنچە-مارجان تۆكۈلۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن بەزى تەكەببۇرراق مېھمانلار مايمۇنەك بىلەن خۇنىزەككە ئوخشاش تەڭگە-تىللا تۆكمەكچى بولۇشۇپ، ئېشىپ قالغان چۆچۈرىلەرنى يەڭلىرىگە قويۇشۇپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئىكەن، ئۇلارنىڭ يەڭلىرىدىن چۆچۈرىلەر زىلچە-گىلەمگە تۆكۈلۈپ ھەممە يەرنى بۇلغاپتۇ. بۇ رەسۋاچىلىقنى كۆرگەن مېھمانلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپتۇ، ھېلقى خانزادىلار ئىزا-نومۇستا قاپتۇ.

ئويۇن-تاماشا راسا قىزىۋاتقاندا مايمۇنەكنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، رەڭگى تاتىرىپ، خۇنىزەككە:

— سىڭلىم، يۇر ئۆيگە قايتايلى، يۈرىكىمنى ئەنسىزلىك چىرمىۋالدى، — دەپتۇ.

ئۇلار ئۆيگە كەلسە شاھزادە مايمۇنەك-نىڭ تېرە نىقاۋىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى شامالغا سورۇۋاتقان ئىكەن. بۇنىڭدىن رەنجىگەن مايمۇنەك غەزەبلىنىپ:

— بۇ نېمە گەپ؟! ئىست! ئۆزىڭىزگىمۇ قىيىسىز، ماڭىمۇ قىيىسىز. ئەمدى مېنى ئىزلىسىڭىز تۆمۈردىن ھاسا، چۆيۈندىن كەش ياساپ، ھاسىڭىز بىر غېرىچ قالغاندا، كەشىڭىزنىڭ تاپىنى تېشىلگەندە تاپارسىز، — دەپتۇ-دە، خۇنىزەك بىلەن بىر جۈپ ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ. شاھزادە «ئاھ، ئىست!» دەپلا ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ.

شاھزادە ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى ئۈچۈن مىڭبىر پۇشايمان يەپتۇ، بىراق ئورنىغا كەلمەپتۇ. شۇڭا، ئۇ تۆمۈردىن ھاسا، چۆيۈندىن كەش ياساپ كېيىپ، «رەببىم!» دەپ مايمۇنەكنى ئىزلەپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ ئاز ماڭدىمۇ، كۆپ ماڭدىمۇ، ئۇنىسى بىزگە نامەلۇم. ھەر ھالدا بىر كۈنى ئۇ يول بويىدىكى بىر تۈپ سېرىق سۆگەتنىڭ سايىسىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرۇپ، قولىدىكى ھاسىنىڭ بىر غېرىچ قالغانلىقىنى، چۆيۈن كەشىنىڭ تېشىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەندى ۋىسال ئارزۇسىغا يېتىدىغان ۋاقتى-سائىتىم تولغانغا ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، يولغا راۋان بولۇپتۇ.

شاھزادە خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، تاغ باغرىدا بىر ئۆينى كۆرۈپتۇ...

مايمۇنەك بىلەن خۇنىزەك ئەسلىدە رىم شاھىنىڭ قىزلىرى بولۇپ، ئەردۆكى

دېگەن مەشھۇر جادۇگەر ئۇلارغا ئاشىق ئىكەن. ئەردۇكى ئۆزىنىڭ خوتۇنى لەيلىكى جادۇنىڭ جىننى ئالمەن دەپ قورقۇتۇپ، بۇ ئىككى قىزنى ئەمرىگە ئېلىش رازىلىقىنى ئېلىپ، مايمۇنە بىلەن سىڭلىسىنى بىر كېچىدىلا ئۆز تۇراسىغا ئېلىپ كېلىپ ئۆز مەقسىدىنى ئېيتىپتۇ. لېكىن، ئاچا-سىڭىللار ئۆلگىچە رازى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شۇڭلاشقا، ئەردۇكى جادۇنىڭ غەزىپى كېلىپ، ئۇلارنى مايمۇن تېرىسى بىلەن نىقاپلاپ، ھېلىقى كاماغا بەنت قىلىپ تاشلاپ: «كىمكى بىرىڭلارنى ئېلىپ قىرىق بىر كۈنگىچە ئەلگە ئادىمزات ئىكەنلىكىڭلارنى بىلدۈرمەسلىككە تاقەت قىلسا، سىلەرنى ئازات قىلىمەن، بولمىسا، ئۆز ئايىغىڭلار بىلەن قايتىپ كەلمىسەڭلار شۇ كۈنىلا جىنىڭلارنى ئالمەن دەپ قەسەم قىلغان ئىكەن.

شاھزادە قىرىق كۈن چىداپ، بىر كۈن بەرداشلىق بېرەلمەي، مايمۇنەنىڭ نىقابىنى كۆيدۈرۈۋەتكەچكە، ئۇلار ئەردۇكىنىڭ تۇراسىغا كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىكەن.

لەيلىكى جادۇ ئۆز ئېرى ئەردۇكىنىڭ بۇ قىزلارنى ئېلىشىغا نارازى بولغاچقا، ئۆزىنىڭ پۈتۈن سېھرى-جادۇلىرىنى ئۇلارغا ئۆگىتىپ، ئۇلارنى قېچىپ كېتىشكە ئۈندىگەن ئىكەن. «مايمۇنەك» ۋە «خۇنىزەك» ئەردۇك بىلەن لەيلىكىنىڭ رىم مەلىكىلىرىگە قويۇۋالغان ئىسمى ئىكەن.

شاھزادە كېلىپ يولۇققان تاغ باغرىدىكى ھېلىقى ئۆي دەل شۇ ئەردۇكىنىڭ ئۆيى ئىكەن. شاھزادە ئۆيگە كىرىپ قارىسا بىر موماي ئوچاققا ئوت قالاپ ئولتۇرغان ئىكەن.

شاھزادە:

— سالام، موما، — دەپتۇ.

موماي شاھزادىگە قاراپمۇ قويماي:

— سالىمىڭ بولمىسا بىر يالماپ يۇتۇۋېتەتتىم. كەل، نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ.

شاھزادە مومايغا ئۆزىنىڭ ھەممە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئەردۇكى جادۇ خوتۇنى لەيلىكىنىڭ جىسمىنى تاشقا، يۈرىكىنى بىر كۆتەككە، روھىنى باشقا ئايال پادىشاھنىڭ قولىدىكى ئۈزۈككە بەنت قىلىۋەتكەچكە لەيلىكى ئېرىدىن قاتتىق قورقىدىكەن. شۇڭا شاھزادىگە:

— مەن سەن ئىزلەپ يۈرگەن مايمۇنەك بىلەن خۇنىزەكنىڭ ئاپىسى بولىمەن. ئىسمىم لەيلىكى. مېنىڭ ئۈچ شەرتىم بار. ئەگەر مۇشۇ شەرتلىرىمنى بىجا كەلتۈرەلەسەڭ، قىزلىرىمنى ئېلىپ كەتكىن، ئېرىمگە بۇ ئىشنىڭ جاۋابىنى ئۆزۈم بېرىمەن، — دەپتۇ.

— شەرتىڭىزنى ئېيتىڭ، قولۇمدىن كېلىشىچە بىر ئىش قىلىپ كۆرەي، — دەپتۇ شاھزادە.

— بىرىنچى شەرتىم، مۇشۇ تاشتىن سۇ چىقار، — دەپتۇ لەيلىكى شاھزادىگە يوغان بىر تۈگمەن تېشىنى كۆرسىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە تاشنىڭ ئۇيان-بۇيانلىرىغا قاراپ، «تاشتىن قانداقمۇ سۇ چىقارغۇ

لۇق؟» دەپ بېشى قېتىپتۇ. بۇ چاغدا شاھزادىنىڭ كەلگەنلىكىنى مايمۇنەك بىلىپ تۇرغان ئىكەن، ئۇ خۇنىزەككە:

— سىگلىم، يىگىتىمگە ياردەم قىل! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

خۇنىزەك شاھزادىنىڭ يېنىغا كېلىپ مايمۇنەكنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈپتۇ ۋە تۈگمەن تېشىنى قولى بىلەن مۇنداقلا چېكىپ قويغان ئىكەن، كىچىككىنە بىر تۈشۈك ئېچىلىپ، شىلدىرلاپ سۇ چىقىشقا باشلاپتۇ.

خۇنىزەك شاھزادە بىلەن خوشلىشىپ كېتىپتۇ.

لەيلىكى جادۇ ئىچكىرىدىن چىقىپ، تاشتىن سۇ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇ سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، خۇنىزەكنىڭ ئىشى، — دەپتۇ-دە، مىڭ پۇتاقلىق بىر كۆتەكنى كۆرسىتىپ، — ئەندى ماۋۇ كۆتەكنى يارغىن، بۇ ئىككىنچى شەرتىم، — دەپتۇ-دە، يەنە ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە ھەر قانچە قىلىپمۇ كۆتەكنى يارالماپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم كۆتەككە پالتا ئۇرغاندا، نېمىشقىدۇر، پالتا قاڭقىپ كېتىدىكەن. شاھزادە تەرلەپ-پىشىپ، ئازراق دەم ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئولتۇرغاندا خۇنىزەك كېلىپ قاپتۇ. ئۇ كېلىپلا شاھزادىنىڭ قولىدىكى پالتىنى ئېلىپ، كۆتەكنى بىر ئۇرغان ئىكەن، كۆتەك پارە-پارە بولۇپتۇ. خۇنىزەك يىگىتكە قاراپ:

— لەيلىكىنى چاقىرىپ كۆتەكنى كۆرسەتكىن، — دەپ ھويلىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

كۆتەكنىڭ تىرە-پىرەڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن لەيلىكى:

— ئەمدى ئۈچىنچى شەرتىم. مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىدا كىچىك بىر شەھەرچە بار. ئۇنىڭدا بىر قىز ھاكىملىق قىلىدۇ. ئەنە شۇ ھاكىم قىزنىڭ قولىدا بىر تال ئالماس كۆزلۈك ئۈزۈك بار، شۇنى ماڭا ئەكېلىپ بەرگىن، — دەپتۇ. يىگىت قانداقلا بولمىسۇن ئېلىپ كېلىمەن، دەپتۇ-دە، يولغا راۋان بولۇپتۇ.

شاھزادە تاغ باغرىدىكى چىغىر يول بىلەن كېتىپ بارغاندا، ئۇنىڭغا خۇنىزەك ئۇچراپ:

— بۇ قېتىم خەتەرلىك يولغا ماڭدىڭىز، پەخەس بولۇڭ. شەھەرگە كىرىپ، ھاكىم قىزنىڭ ئوردىسىغا كىرىشىڭىزدە ياغاچلىرى سۇغا تاشلانغان كۆۋرۈكتىن ئۆتىسىز، كۆۋرۈكنىڭ ياغاچلىرىنى سۇدىن چىقىرىپ ئۆز ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇڭ. ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئوقۇرىغا سۆڭەك سېلىنغان بىر تۆگە، ئالدىغا كۆك يانتاق تاشلانغان بىر ئىت باغلاقلىق. سۆڭەكنى ئېلىپ ئىتنىڭ ئالدىغا، كۆك يانتاقنى ئېلىپ تۆگىنىڭ ئالدىغا سېلىپ قويۇڭ. ئۈزۈكنى ئالغان چېغىڭىزدا قىز سېزىپ قېلىپ، ئۇلارغا سىزنى قوغلاشنى بۇيرىسىمۇ، ئۇلار قوغلىمايدۇ. قىز ھېمىشە كۈندۈزى ئۇخلايدۇ. بىمالال كىرىپ ئۈزۈكنى ئېلىڭ-دە، كەينىڭىزگە زادىلا قارىماي قايتىپ كېلىۋېرىڭ! — دەپتۇ.

شاھزادە خۇنزەكنىڭ دېگىنى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزۈكنى ئېلىپ كېلىپ، لەيلىكى جادۇغا تاپشۇرۇپتۇ.

ئەردۇكنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى بىلگەن لەيلىكى مايمۇنەك بىلەن خۇنزەكنى شاھزادىگە قوشۇپ قاچۇرۇۋېتىپتۇ.

دەل شۇ چاغدا ئەردۇكى جادۇ كېلىپ قاپتۇ. ئۇ كېلىپلا ئەھۋالنى ئۇقۇپ دەرھال مومايىنى لاچىنغا ئايلاندۇرۇپ «قوغلا!» دەپتۇ.

مايمۇنەك بىلەن خۇنزەك مومايىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، يەرگە چۈشۈپتۇ ۋە بىر قاپ تېزەكنى ئالدىغا قويۇپ ئولتۇرغان مومايغا ئايلىنىۋاپتۇ. لاچىنغا ئايلىنىپ قوغلاپ كېلىۋاتقان لەيلىكى ئۇلارنى تاپالمىغان بولۇپ قايتىپ كېلىپ تېزەك تەرگەن ئايالدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمىگەنلىكىنى ئەردۇكىغا مەلۇم قىپتۇ.

— ئەخمەق! — دەپتۇ ئەردۇكى جادۇ مومايىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، — سەن يولۇقتۇرغان موماي، قاپ، تېزەك ئۇچى ئۆزۈك ئىزلەۋاتقانلار بولماي كىم؟!

لەيلىكى يەنە ئۇلارنى قوغلاپ مېڭىپتۇ. ئۇ، خېلى كۆپ «ئىزلەپ» قېچىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. ئۇ قايتىپ كېتىۋېتىپ، يول بويىدىكى قوغۇنلۇقتا ئىشلەۋاتقان بىر بوۋاينى كۆرۈپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئەي، قوغۇنچى، بۇ يولدىن بىر يىگىت بىلەن ئىككى قىز ئۆتمىگەندۇ؟! — دەپ سوراپتۇ.

— ياق، — دەپتۇ قوغۇنچى.

لەيلىكى قوغۇنچىغا كۈلۈپ قويۇپ ئەردۇكىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ.

— ئەخمەق! — دەپتۇ ئەردۇكى غەزەپلىنىپ، — قوغۇنچى، كەتمەن، پىلەك دەل شۇلار بولماي كىم؟!

ئەردۇكىنىڭ ئۇغىسى قايناپ، ئۇلارنى بۇ قېتىم ئۆزى قوغلاپ مېڭىپتۇ. ئەردۇكى ئۇلارغا يېتىشىۋالاي دېگەن چاغدا، بۇ ئۈچەيلەن دەرھال يەرگە چۈشۈۋېلىپ ئوقيا تۇتقان ئۈچ يىگىتكە ئايلىنىپ، ئەردۇكىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ھەيۋەتلىك ئەجدىھاغا ئايلانغان ئەردۇكى ئۇلارغا شىددەت بىلەن تاشلىنىپتۇ. ئۈچ قەيسەر يىگىت پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئەجدىھانىڭ كۆكسىنى چەنلەپ ئوق ئېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەردۇكىنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلۇپتۇ.

مايمۇنەك بىلەن خۇنزەك ۋە شاھزادە ئۆز ئەكسىگە كېلىپ، شاھنىڭ ئالدىغا سالامەت بېرىپتۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بەختلىك ھايات كەچۈرۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **ھەسەنجان موزدوز**

توپلىغۇچى: **مۇتەللىپ پالتاجى**

(قورغاس ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىن)

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

# باھار① دانىش

(قىسسە)

ئەلقىسسە : بەشىنچى كۈنى ئەقىللىق بىر ۋەزىر — ئەفلاتون سۈپەت دانىشمەن شاھزادىنىڭ قېشىغا كېلىپ تاتلىق تىللىرىنى نەسىھەتلەر مەيدانىدا جەۋلانغا كىرگۈزۈپ ھېكايەت قىلدى:

ئۆتكەن زاماندا بىر شەھەردە بىر نەۋكەر يىگىت بار ئىدى. ئۆمرىنى ئەيش-ئىشرەتتە ئۆتكۈزەتتى. شۇنداق بولسىمۇ خوتۇنلارنىڭ سۆھبىتىدىن پەرھىز قىلاتتى. داۋاملىق تەنھالىق پىيالىسىدىن مەي ئىچىپ مەست يۈرەتتى. ئۇنىڭ بىر دوستى بار ئىدى. ئىككىسى بىردەم ئايرىلماس ئىدى. بىر كۈنى يىگىتنىڭ دوستى:

— ئەي بۇرادەر، بۇ دۆلەت ۋە شاۋكەتنى خۇدائى تەئالا ساڭا مۇيەسسەر قىلىپتۇ، نە ئۈچۈن بىر نازىنىن گۈزەل پەرى قىزنى نىكاھىڭغا كىرگۈزۈپ ئۆمرۈڭنى خۇشاللىق بىلەن ئۆتكۈزمەيسەن، خۇدائى تەئالا ئەرلەرگە خوتۇنلارنى باشقۇرۇشنى ۋە ئۇلاردىن لەززەت ئېلىشنى بەرگەن. ئۇ ھەر قانداق ھالاۋەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇنداق سائادەتتىن مەھرۇم بولۇپ ئېزىز ئۆمرىنى تەنھالىق بىلەن ئۆتكۈزمەكنى ئەقىل ئىگىلىرى جايىدا كۆرمەيدۇ، — دېدى. بۇنى ئاڭلاپ نەۋكەر يىگىت:

— ئەي يار - مېھرىبان، بۇ سۆزلىرىڭنىڭ ھەممىسى ھالاۋەت بەخش ئەمەسمۇ، ئۇ جان بىلەن ئويىنىشىدىغان سۆزدۇر، چۈنكى خوتۇنلار راستلىقتا مۇستەھكەم ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ۋە پىكىرلىرى كىشىلەر قەلبىنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىۋاپالىقتىن پۈتۈلگەندۇر. شۇڭا ئۇلار بىلەن ئاشنالىق قىلىشنى تەركى قىلماق مېنىڭ بۇرچۇمدۇر. مەن خوتۇنلاردىن قورقىمەن. سەۋەبى ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا خىجالەت ۋە شەرمەندە بولۇپ نامىمنى بۇلغاشنى خالىمايمەن. ئۇلارغا يېقىنلاشقان ئادەم ھەر قەدەمدە بەرباد بولغۇچىدۇر. شۇڭا مەن قالغان ئۆمرۈمنى نومۇس سۈيىدە بولغىماي دەپ ئەندىشە قىلۇرمەن،-دېدى. دوستى:

— ئەي ھۆرمەتلىك دوستۇم، سېنىڭ بۇ خىيالىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىيالدۇر. ئاياللاردىن گۇمانلىنىش ياخشى ئەمەستۇر، خوتۇنلار شۇنچە بىۋاپا ۋە شەرمى-ھاياسىز ئەمەستۇر. بىر تۈرلۈك خوتۇنلار باركى، ئۇلار تېپىلغۇسىز بايلىقتىن ياخشىراقتۇر. يەنە بىر قىسمىنىڭ ئىپلاسلىقىدىن بۇ جاھان

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

قاراڭغۇدۇر. ئەگەر بىر خوتۇن بىلەن نىكاھلىنىپ مۇناسىۋەت قىلىپ بىرگە ياشىسا ئالەمنىڭ تەرتىپ-نىزامى بۇزۇلۇپ، ئادەم يولدىن چىقىپ، بۇ ئالەم ۋەيران بولغۇسى. شۇڭا بۇ خىيال خاتادۇر. بۇنداق خاتا خىيال سېنى يامان تەرەپكە باشلايدۇ. ئۇنىڭدىن ئاگاھ بول ۋە يالغان ساۋاپتىن قايتىپ، بۇ ئۇلۇغ نېمەتتىن ھوزۇرلان. تېخى ئۆمرۈڭ كۆچىتىدە، رۇخسارىڭ گۈلىدە يىگىتلىكىڭنىڭ قۇۋۋىتى باردۇر. ۋۇجۇدۇڭ گۈلشىنىدە قېرىلىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيدۇ. بۇ دۆلەتنى قولۇڭدىن بېرىپ قويمىغىن، كېيىن ئەپسۇس-پۇشايمان پايدا بەرمەس، — دېدى.

ياش نەۋكەر دوستىنىڭ تەرغىپ قىلىشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي يولدىن ئادىشىپ كۆپ تەييارلىق بىلەن بىر قىزنى ئىپپەت خانەداندىن نىكاھىغا كىرگۈزۈپ ئۆيىگە كەلتۈردى. قىز پاكلىق نۇرى بىلەن تولغان، ناپاكلىق ئۇنىڭ دىمىقىغا ئەسلا پۇرىمىغاندى. ئۇلار كېچە-كۈندۈز شەرمى-ھايا ھەققىدە سۆزلەپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزدى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى دائىم ئۆزىنى پاكلىق كىيىملىرى بىلەن يۇشۇرۇش ۋە بېزەشتىن ئىبارەت بولدى. يىگىت خوتۇننىڭ ۋاپادارلىقى-نى كۆرۈپ ھەددى-ھېسابسىز خۇشال بولۇپ، يالغۇز ئۆتكەن ئۆمرىگە پۇشايمان قىلىپ، كۈنلىرىنى ئەيش-ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. قىز تېخى خوتۇنلارنىڭ بىۋاپالىق قائىدىسىنى بىلمىگەچكە كۆڭلىنى يىگىتكە بېرىپ، يۇقىرى مۇھەببەت بىلەن ئېرىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. قازارەن نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن يىگىتكە تويۇقسىز سەپەر قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. يىگىتنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ خوتۇنى بىلەن تەستە ۋىدالىشىپ سەپەرگە ماڭدى، خوتۇنى زار-زار يىغلاپ ۋە نالە-پەرياد بىلەن ئېرىنىڭ قارىسى يۈتكىچە قاراپ قالدى. نەۋكەر يىگىت يولدا دائىم خوتۇنىنىڭ پىراقىدا ئاھ-پىغان تارتىپ ماڭاتتى. بىر كۈنى خوتۇنىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ تام ئۈستىگە چىقىپ ھەر تەرەپكە قاراپ تاماشا قىلىپ تۇراتتى، كۆزى يولدا كېتىپ بارغان بىر گۈزەل يىگىتكە چۈشتى. خوتۇنى شۇ چاقىچە ھايا پەردىسىدىن چىقىپ، باشقىلارغا مۇنداق شىكار بولۇپ، بۇنچىلىك لەززەت ھىس قىلغان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ شەرمى-ھايا-دىن يۈزلىرى قىزىرىپ، لىباسىنى يۈزىگە ئارتىپ تامدىن چۈشتى. ئەمما ئۇ يىگىت تام ئۈستىدە تۇرغان خوتۇننى كۆرۈپ ئەقىل-ھوشىنى يوقۇتۇپ، ئۇ ئاھۇ-سۈپەتنى دامىغا كىرگۈزۈپ مەقسىتىنى ھاسىل قىلاي، دەپ بىر قېرى كەمپىرنى نەۋكەر يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. ھېلىگەر قېرى گۈل سېتىشنى بانا قىلىپ نەۋكەر يىگىتنىڭ خوتۇنىنىڭ قېشىغا باردى. ئۇ بىر بېرىپ، ئىككى بېرىپ ئەييارلىقنى ئىشقا سېلىپ، مۇھەببەت-ئاشنىلىق ھەققىدە لاپ ئۇرۇپ، ئاشىقانە ھېكايەتلەرنى بايان قىلاتتى. ئۇل بەد سۆز ۋە بەد پېئىل خوتۇن سۆزلە-سۆزلە، ئاخىرى بۇ سۆزلەر نەۋكەر-نىڭ خوتۇنىغا تەسىر قىلىپ، ئۇنى شەيتان-نىڭ يولىغا باشلىدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن نەۋكەرنىڭ خوتۇنى ئىشق دەرياسىغا غەرق بولۇپ، قېرى كەمپىرگە ھېچ بىر

ئىلتىپات قىلماستىن ئۆزى ئاشىقىنى هازىر
قىلىپ ئەيش-ئىشرەتنى ۋايىغا يەتكۈزدى.
شۇ تەرىقىدە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن
خوتۇن ئېرىنى پۈتۈنلەي ئىسىدىن چىقىرىپ،
ئېرىنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىنى تەكچىسىگە
ئېلىپ قويۇپ، بىغەملىك بىلەن خۇشاللىق
شارابىنى ئاشىقىنىڭ قولىدىن ئىچىپ، ۋاقتىنى
ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

بۇ ۋەقەدىن بىر نەچچە كۈن كېيىن،
نەۋكەر يىگىت ساق-سالامەت ئۆيىگە
قايتىپ كەلدى. سەپەر مەزگىلىدە خوتۇنە-
نىڭ پىراقىدا قامىتى ھىلال ئايدەك ئېگىلگەن
يىگىت ئۈمىدىنىڭ ساھىلىغا چىقىپ، خوتۇنىنى
قۇچاقىغا ئېلىپ: «شۈكرى، سېنى ساق-سا-
لامەت كۆرۈپ كۆزۈم روشەن بولدى،
بەختىم يۇلتۇزى يەنە يەتتىنچى ئاسمانغا
يېتىپ ۋىسال نۇرىنى بەردى. ئاخىرى
بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلىش جاپاسىنى
تارتقىنىمىز تامام بولدى» دېدى.
ئەمما خوتۇنى ئاشناسىنىڭ ئىشقى لەززە-
تىنى تېتىپ قالغىنى ئۈچۈن، ئېرىنىڭ
كەلگىنىدىن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ، ئۆزىگە
ئۆزى: ھەي كاشكى، بۇ بەختى شور
يوقالغان جايىدىن چىقمىسا بولاتتى.
غۇربەت دەشتىدىن سالامەت كەلمىسە
ئىدى، دەپ غەمكىن بولدى. ھەتتا كۆڭلىنى
غەم-غۇسسە قاپلاپ، ھالاك بولۇش گىرداۋىغا
بېرىپ قالدى. ئېرى كۆردىكى، خوتۇنى
داۋاملىق پەرىشان ئىدى، ئۇ بىر كۈنى
خوتۇنىدىن:

— ئەي يار-ۋاپادارىم، سېنى ھەر
كۈنى غەمكىن ۋە پەرىشان ھالدا كۆرىمەن،
سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى. خوتۇن:

— سەۋەبى شۇكى، سېنىڭ پىراقىڭدا
دەرد-ئەلەمگە ئادەتلىنىپ قالغان ئوخشاي-
مەن. مۇبادا يەنە بىر قېتىم سەپەر
قىلماقىنىڭ سەۋداسى بېشىڭغا چۈشۈپ
سەپەر قىلساڭ، مەن پىراقىڭ ئوتىدا
تاۋلىنىپ تەنھالىق بالاسىغا گىرىپتار بولما-
غايمەن، — دېدى. ئېرى بۇ ياخشى سۆزلەر-
نى ئىشىتىپ خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى خۇشال
قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمۇ، خوتۇنىنىڭ كۆڭلى
ئېچىلماس ئىدى. بۇ ئارىدا نەچچە كۈنلەر
ئۆتتى. خوتۇنىنىڭ كۆڭلىگە ئاشىقى ۋىسالىدىن
باشقا ھېچ ئىش كەلمەس ئىدى، ئۇنىڭ
دىمىقىغا مەجنۇنلۇق سەۋداسى گۈپۈلدەپ
ئۇرۇلۇپ غەم ۋە ئاجىزلىقتىن ئۆزىنى يوقۇتۇپ
كېسەل بولۇش ھالىتىگە بېرىپ يەتتى-دە،
ھىيلىگەر-مەككار خوتۇننى چاقىرتىپ:

— ئەي مېھرىبان، مەن سەرگەشتىنىڭ
ئەھۋالىدىن ھېچ خەۋەر ئالمايسەنغۇ؟ مەن
ئىككى تۈرلۈك مۇشاققەتكە گىرىپتار بولدۇم.
بىرى، ئاشىقىنىڭ ۋەسلىدىن مەھرۇم بولدۇم.
يەنە بىرى، ھەر ۋاقىت كۆزۈمنى ئاچسام
ئېرىمنىڭ نا مۇبارەك يۈزىنى كۆرىمەن، بۇ
جەھەتتىن تاقىتىم تاق بولدى، شۇڭا ئۆلۈش-
كە رازى ئىدىم، لېكىن ئۆلۈمگە مۇيەسسەر
بولالمىدىم. ئەمدى دانا تەدبىر كۆرسىتىپ
يالغاندىن ئۆلۈۋالماقچىمەن، ئۆزۈمنى جاپا-
مۇشاققەت كۆرپىسىدە ياتقۇزۇپ ۋەسىيەت
قىلىمەنكى: مەن ئۆلگەندىن كېيىن سەندىن
باشقا كىشى ئۆلۈكىمنى يۇيۇپ كېپەنلەپ
يەرلىكتە قويمىسۇن، باشقىنىڭ كۆزى تاۋۇتۇمغا
چۈشمىسۇن، ئەمما سەن ئۇل يار-مۇشىققا

خەۋەر بېرىپ قويغىن، ۋاقتى كەلگەندە جامائەت مېنى گۆرگە قويۇپ قايتىپ كەتسە، ئۇل دوست-دىل ناۋاز گۆرۈمنى يېنىدىن كولاپ مۇنكىر-نىمكىردىن ئاۋۋال كىرىپ مېنى ئېلىپ چىقىپ باشقا شەھەرگە ئېلىپ بارسۇن، قالغان ئۆمرۈمىزنى ئەشۇ شەھەر-دە ئەيش-ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزىمىز، — دېدى. دەللە خوتۇن بۇ سۆزىنى ئىشىتىپ ئايالنىڭ ئەقىل كامالىغا تەھسىن ئوقۇپ، بېرىپ ئاشىقىغا خەۋەر بەردى. ئۇل ناپاك بۇ مەسلىھەتنى ئۇلۇغ بىلىپ خۇشاللىقتىن تەلپىكىنى ئاسمانغا ئاتتى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇل مەككارە ھىيلە ئىشلىتىپ ئۆزىنى كېسەل كۆرسىتىپ كۆرپىگە چىقىپ يېتىپ، گاھى نەپەس ئېلىپ، گاھى نەپەس ئالماي بىر كېچە-كۈندۈزدىن كېيىن جان تالىشىپ ياتتى. ئەمما ئېرى بىچارە بۇ ۋەقەدىن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ ياقىسىنى يىرتىپ پەريادلار قىلدى، شۇ ئارىدا ھىيلىقى دەللە مەككار پەيدا بولدى. خوتۇن ئاڭا ۋەسىيەت قىلدى ۋە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن خوتۇن نەپسىنى توختۇتۇپ ئۆزىنى ئۆلۈك ھالەتكە سېلىپ ياتتى. ئېرى پەرياد پىغان قىلىپ، ۋەسىيەتكە ئەمەل قىلىپ، مەككارە كەمپىرنى غۇسسىل-كېپەن ئىشلىرىغا مەشغۇل قىلدۇرۇپ، ئاخشام بىلەن مېيىت نامىزىنى ئوقۇپ گۆرۈستانغا ئاپىرىپ دەپنە قىلدى. خوتۇننىڭ ئاشنىسى قولىغا كەتمەن ئېلىپ مەشۇقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بىر ياقا بولۇڭدا تۇراتتى، ئۇ، خالايىق دەپنە-گاھدىن كەتكەندىن كېيىن، تېزلىك بىلەن قەبرىنى قېزىپ يامان نىيەت خوتۇننى قەبرىدىن چىقىرىپ، گۆرنىڭ تۆشۈكىنى ئەۋۋالقىدەك ئېتىپ قويۇپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا باشقا شەھەرگە كەتتى. قېرى مەككار نەۋكەر يىگىتنىڭ ئۆيىگە كىلىپ مۇسىبەت بازىرىنى قىزىتتى. نەۋكەر يىگىت سادىدا ھەم تۈز بولغاچقا ئاياللارنىڭ ھىيلە-مىكرىدىن غاپىل ئىدى. شۇڭا خوتۇنىنىڭ پىراقىدا زار-زار يىغلاپ كۆزلىرىدىن ئەتىيازنىڭ بۇلۇتلىرىدەك ياش تۆكۈپ، قارا تون كىيىپ، ئۆزىنى مۇسىبەتنىڭ قايغۇسىغا سېلىپ قەۋم-قې-رىنداشلىرىدىن يىگانە بولۇپ، گورۇستاندا قەبرە بېشىدا ئولتۇردى. كېچە-كۈندۈز مازارنى تۇرار جايى قىلىپ، مەجنۇندەك قەبرىگە باشىنى قويۇپ ياتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا دۇشمەنلىرىمۇ ئىچ ئاغرىتاتتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. ئۇ شەھەردە بىر دەللە خوتۇن بار ئىدى، رەستە-بازاردا دوكان ئېچىپ ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى ساتاتتى. ئاياللار بىر نەرسە لازىم بولسا ئۇنىڭدىن ئالاتتى. ئۇ بەزىدە ئەگەر ناتەييار بولسا تەييار قىلىپ، بوقچا كۆتۈرۈپ كوچىلاردا يۈرۈپ خوتۇنلار بىلەن سودا قىلاتتى. بۇ سودىگەر خوتۇننىڭ نەۋكەرنىڭ خوتۇنى بىلەن ئادەتتىكىچە تونۇشلىقى بار ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن، سودىگەر خوتۇن ھىلىقى قارا يۈز خوتۇن ئولتۇرغان شەھەرگە سودا قىلىپ باردى ۋە نەچچە كۈن بۇ شەھەردە كوچىمۇ-كوچا، ئۆيمۇ-ئۆي كىرىپ سودا قىلىپ يۈردى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز سودىگەر خوتۇن سودا قىلىپ يۈرۈپ ئۇل بەد بەخت قارا يۈز خوتۇن ئولتۇرغان ھويلىغا كىرىپ قىلىپ، نەۋكەر يىگىتنىڭ

خوتۇننى، ساق-سالامەت كۆردى. سودىگەر خوتۇن ھەيران قىلىپ:

— ئەي خوتۇن، سەن نەۋكەر يىگىتنىڭ خوتۇنى ئەمەسمۇ؟ سەن بۇ دۇنيادىن ئاخىرەتكە سەپەر قىلىپ، ئېرىڭ سېنىڭ پىراقىڭدا ئەقلىدىن يىگانە مەجنۇندەك جۇنۇن بولۇپ، بۇرادەرلىرىنى تاشلاپ قەبرەڭنى ئىختىيار قىلىپ يېتىپتۇ. سەن قانداق قىلىپ يوقلۇق ئالەمدىن يەنە قايتا ۋۇجۇدقا كەلدىڭ. مېنى خەۋەردار قىلغىن، بولمىسا مەن ساراڭ بولغايمەن، — دېدى.

ئۇل قارا يۈز خوتۇن سودىگەر ئايالنى تونىماسقا سېلىپ ئۇنى دېۋانىگە ئوخشىتىپ سەدىقە بېرىپ، ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. سودىگەر خوتۇن ئۆز شەھىرىگە كەلسە نەۋكەر يىگىت خوتۇنىنىڭ قەبرىسىدە يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. سودىگەر خوتۇن يىگىتنىڭ يېنىغا كىلىپ ئايالىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغانىدى، يىگىت خوتۇنىنىڭ ھۆسن-جامالىنى ۋە مېھرىبان-ۋاپادارلىقىنى سۆزلەپ كۆزلىرىدىن سەلدەك قانلىق ياش تۆكۈپ ئاھ-زار قىلدى. بۇنى كۆرگەن سودىگەر خوتۇن:

— ئەي ساددا يىگىت، خوتۇنۇڭ ساق-سالامەت ئاشىقىنىڭ قۇچاقىدا ئولتۇرۇپتۇ. سەن بۇ يەردە بىھۇدە غەم ئوتىغا چۈشۈپ ياتما، -دېدى.

نەۋكەر يىگىت بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كىيىن كۆڭلى تېخىمۇ پەرىشان بولۇپ:

— ئەي ئەقىلسىز خوتۇن، قىلىۋاتقىنىڭ قانداق ساراڭنىڭ سۆزلىرى. سۆزلىرىڭ چاقچاقمۇ ياكى راستمۇ؟ نېمشقا بۇ سۆزلەرنى قىلىپ يۈرىكىمنى چاك قىلىسەن، خوتۇنۇم جەننەت فىردەۋسىدە — دەپ ئۆزىنى قاچۇردى. سودىگەر خوتۇن:

— ئەي نادان، ئاخماق، ئەگەر سەن خوتۇنلارنىڭ ھىلە-مىكرلىرىنى بىلسەڭ، مېنىڭ سۆزۈمنى ئېتىۋارغا ئالار ئىدىڭ. مېنىڭ بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭ، مەن گەپ قىلمىغان بولاي. خالىساڭ مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەن ياكى ئىشەنمە، مەن بىلەن بىللە بارغىن، خوتۇنۇڭنى كۆرۈپ كۆزۈڭ ئېچىلسۇن، — دېدى. يىگىت بۇ سۆزنى ئىشىتىپ ھەيرانلىق دەرياسىغا غەرق بولۇپ سودىگەر خوتۇنغا ھەمرا بولۇپ خوتۇنى تۇرغان شەھەرگە بېرىپ، ئۇل قارا يۈز تۇرغان ھويلىغا كىرىپ كۆردى-كى، خوتۇنى ئۆزىنى زىننەتلەپ ساق-سالامەت ئىشرەت تەختىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ. يىگىتنىڭ بېشى ئايلانغاندەك بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئەي مەستۇرە پاك دامان، — دېدى يىگىت خوتۇنغا، — سەن بۇ ئەبجقى چىقىپ كەتكەن كۇنا جاھاندىن ئاخىرەت مەيدانىغا سەپەر قىلغان ئىدىڭ، قىيامەت-قايىم بولماي تۇرۇپ قانداقچە تىرىكلىك مەيخانىسىدىن ھاياتلىق مەينى ئىچتىڭ؟

ئۇل مەككار خوتۇن ئېرىنىڭ سۆزىگە ئەسلا جاۋاپ بەرمەي پەرياد قىلىپ:

— ئەي مۇسۇلمانلار، مېنىڭ دادىمغا يېتىپ، ماڭا رەھىم قىلىڭلار. بۇ دېۋانە نامەھرەم ئۆيىمگە بېسىپ كىرىپ مېنى ھالاك قىلماق قەستىدە بولدى؟ — دەپ غەۋغا قىلدى.

خوشنا-خولۇملار بۇ غەۋغانى ئىشىتىپ

يىگىتنى ئارىغا ئېلىپ ئىزا ۋە ھاقارەت قىلدى. يىگىت ئەھلى-جامائەتكە خوش خۇيلۇق بىلەن ئۆتكەن ۋاقەنىڭ ئەھۋالىدىن تا ئاخىرغىچە بايان قىلدى. خالايىقلار ئەھۋالدىن ئاگاھ بولغاندىن كېيىن، تەئەججۇپ قىلىپ خوتۇننىڭ ھىلە-مىكرىسىدىن تاڭ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇل قارا يۈز بىۋاپانىڭ ئىشلىرى پاش بولدى. ھەممە ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئەھلى جامائەت نەۋكەر يىگىتنى خوتۇنى بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلىپ ئەرز قىلدى. نەۋكەر ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلىدى. پادىشاھ ئەھۋالدىن ئاگاھ بولغاندىن كېيىن بۇيرۇدى:

— ئۇل قارا يۈز خوتۇننى ئوينىغان ئادىمى بىلەن ئېلىپ چىقىپ پارە-پارە قىلىپ، بۇ ناپاك ۋۇجۇدلارنى ئوتتا كۆيدۈرۈڭلار!

جاللاتلار ئۇلارغا تېپىشتۇرغۇچى دەللە كەمپىرنى قوشۇپ دوۋزاخ يولىغا يوللىدى. نەۋكەر يىگىت بۇ ۋەقەدىن كېيىن خالايىق ئارىسىدىن چىقىپ قالغان ئۆمرىنى سەھرالاردا پاكلىقنى ئىزدەشكە مەشغۇل بولدى.

ئەلقىسسە: ھېكايىسىنى شۇنداق تامام قىلغان ۋەزىر:

— ئەي شاھزادە، بۇ ئاياللار جامائەسى ھىلىگەردۇر. ئۇلارنىڭ ناز-كەرەشمىسىگە ھەرگىز ئالدىنىشقا بولمايدۇ، — دەپ ئۆز ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئالتىنچى كۈنى بىر ئاقىل سۆزلىرىنى بۇلبۇل نەۋازىشىغا كەلتۈرۈپ ئېيتتىكى: ھىندىستان ۋىلايىتىنىڭ بىنگال دېگەن شەھىرىدە پەرمان پەرماي دېگەن بىر پادىشاھ بار ئىدى. كامال ھۆسنىدە-بەرنالىقتا تەڭداشسىز بولسا، قەھرىدە دۈشمەنلەر يۈرىكىدە قورقۇنچى پەيدا قىلاتتى. ئۇ، بىر نازىنىن-ئۇن تۆت كۈنلۈك ئايدەك قىزنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلدى. پادىشاھ ئۇل نازىنىننىڭ خوش چاقچاقلىقىغا مەھلىيا بولۇپ كېچە-كۈندۈز ئەيش-ئىشرەت بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. ئۇل خوتۇن ھاياسىزلارچە ناز-كەرىشمە بىلەن پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. ھەممە ئۆزىنى پاك ۋە تەقۋادار كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن پادىشاھ: «ئۇستا تامچىلار ۋە نەققاشلار خوتۇنۇم ئۈچۈن ئوردا ئىچىدە بىر ئىمارەت بىنا قىلسۇن، بىنانىڭ تاملىرىغا پۈتۈن ئالەمدىكى ئادەملەرنىڭ، قۇشلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرىنى ئويسۇن» دەپ بۇيرۇق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمارەت تەييارلاندى. نەققاشلار ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا ئادەملەرنىڭ، قۇشلارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرىنى خۇددى تىرىكتەك ئويدى ۋە ئاستىغا ھەر خىل نۇسقىدىكى گىلەملەرنى سېلىپ بېزىدى. پادىشاھ خوتۇنى بىلەن داۋاملىق ئەيش-ئىشرەتنى ئاشۇ ئۆيدە ئۆتكۈزىدىغان بولدى. كۈنلەردە بىر كۈنى پادىشاھ ئايالى بىلەن ئۆينىڭ سۈرەتلىرىنى تاماشىشا قىلىپ يۈرەتتى، تۇيۇقسىز كىلىشكەن بىر چىرايلىق يىگىتنىڭ سۈرىتى ئايالنىڭ كۆزىگە كۆرۈندى. ھىلىگەر خوتۇن پادىشاھنى ئالداش يۈزىسىدىن يۈزىگە پەردە تارتىۋالدى ۋە ئۆزىنى پىنھانغا ئالدى. پادىشاھ بۇ ۋەقەدىن

ھەيران بولۇپ:

— ئەي مەلىكە، بۇ يەردە ھېچ ئەرنىڭ سايىسى كۆرۈنمىسە، نە سەۋەبتىن يۈزۈڭگە نىقاپ سالىسەن؟ — دېدى. ئۇل مەككار:

— ئەي پادىشاھ، بۇ بىر سۈرەت. ئەمما ئۇ ئەرنىڭ سۈرىتىدۇر. ئۇ ماڭا قاراپ تۇرغانغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ قالدى. شۇڭا شەرمى-ھايا يۈزىسىدىن ئۆزۈمنى قويغىلى يەر تاپالماي يۈزۈمگە پەردە سالدىم، — دېدى.

پادىشاھ ئايالىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئايالىغا بولغان ئىخلاس ۋە ئېتىقادى يۈز ھەسسە زىيادە بولدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، نەچچە ۋاقىت ئۆتكەن بىر كۈنى پادىشاھ بىر ھەقەم سايىسىنىڭ ئۆيىگە ساياھەت ۋە ئىستىراھەتكە بېرىپ كەچ قايتىپ كېلىپ، يېتىپ قالدى. خوتۇنى بولسا كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇردى. شول ۋاقىتتا ئىشىك ئېچىلدى. پادىشاھ كۆزىنى يېرىم ئېچىپ قارىدى، ئىشىكتىن بىر مۈشۈك كىرىپ گىلەم ئۈستىدە تۇرۇپ بىر گۈۋۈنۈپ چىرايلىق بىر خوتۇننىڭ سۈرىتىگە ئۆزگىرىپ پادىشاھ-نىڭ ئايالىغا سالام قىلدى. مەلىكە سالامغا جاۋاپ بېرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر-بىرسى بىلەن قۇچاقلاشتى ھەممە پادىشاھنى ئۇخلىدىمۇ-ئۇخلىمىدىمۇ دەپ گۇمان قىلىپ ھەر تەرەپتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. مەلىكە پادىشاھنى رەسمى ئۇخلىدى دەپ كەلگەن ناتونۇش ئايالدىن:

— نىمە ئىش بىلەن كەلدىڭ؟ — دېدى. خوتۇن ئەلچىلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە ئەدەب بىلەن:

— ئەي جاھان مەلىكىسى، ئاشنايىڭ ساڭا سالام ئېيتتى ۋە سالامدىن كېيىن ساڭا ئىلتىماس قىلىدۇكى، سەن ئۇنىڭ قېشىغا بارغايسەن. ئۇ بۈگۈن كېچە قىزىنىڭ تويىنى قىلغانىدى، يار-دوست-قېرىنداشلار جەم بولدى. مۇشۇنداق چوڭ ئولتۇرۇش بەزمىدە سېنىڭ گۈزەل ۋۇجۇدۇڭ ھازىر ئەمەستۇر. بەزمە ئەھلى سەنسىز بەزمىنى نۇرسىز كۆرۈپ مۇبارەك قەدىمىڭگە ئىنتىزار بولدى. ئەگەر مەرھەمەت قىلىپ غېرىب كۆلبىگە قەدەم تەشرىپ قىلساڭ، بەزمە ئەھلىنىڭ دىلىنى مۇنەۋۋەر قىلسەن. بەزمە ئەھلى سەندىن مىننەتدار بولغاي. سەن ئۇل يىگىتكە ھەمىشە ئىنتىزار ئىدىڭ، سۆھبىتىگە پەقەت مۇيەسسەر بولالماي كەلگەن ئىدىڭ. بۇ ئاخشام ئۇ سېنىڭ دامىڭغا چۈشۈپ ئارزۇيۇڭ دەرىخى مېۋە بېرىپ، ۋەسل شەربىتى ئىچكەيسەن، — دېدى.

پادىشاھنىڭ خوتۇنى بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن خوشال بولۇپ، قىلغان دۇئايىم مەقبۇل، مەقسىدىم ھاسىل بولغان ئوخشايدۇ، كۆزۈم چەشمىلىرىنى يوللىرىڭغا چېچىپ بېرىشىم لازىمدۇر. ئۇل بەرنا يىگىت بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋاقىت كەپتۇ، ئۇنىڭ ئىشق-پىراقىدا سەبرىم كېتىپ، خاتىرجەملىكىم يوق ئىدى. ۋىسالىغا مۇشەررەپ بولارمەن، بۇ كېچە مۇبارەك كېچىدۇر، دەپ ھاياجانلىنىپ كەتتى. مەلىكە كەلگەن خوتۇنغا پادىشاھنى ئۇخلىتىپ قويۇپ كۆزىنى يۇمۇپ — ئاچقۇچە يېتىپ بارىمەن، دەپ كەلگەن ئايالغا

رۇخسەت بېرىپ يولغا سالدى. پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئىشتكەندىن كېيىن ئاللا ئۆزۈڭ پاكدۇرسەن، كەلگەن ئول مەككار كىم؟ دەپ ھەيران بولۇپ ئۇخلىغان ھالەتتە ياتتى. مەلىكە كۆردىكى، پادىشاھ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا تۇرۇپ ياسىنىپ، ۋەزىرنىڭ خوتۇنىنى چاقىرىپ ۋەقەنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ ئىككىسى گىلەمنىڭ ئۈستىدە بىر گۇۋۇنىپ، ئىككى مۈشۈكنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. پادىشاھ ئورنىدىن تۇرۇپ كېيىم-كېچەكلىرىنى كىيىپ مۈشۈكلەر-نىڭ ئىزىدىن يۈرۈپ شەھەردىن چىقىپ كۆردىكى، شەھەرنىڭ ياقىسىدا بىر كاتتا دەرەخ بار ئىكەن. دەرەخنىڭ شاخلىرى ئاسمانغا تەگ ئۆسكەن ئىدى. ئىككى مۈشۈك دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقتى. پادىشاھ كېلىپ دەرەخنىڭ گەۋدىسىگە يامىشىپ تۇردى. ۋاقىت ئۆتمەستىن دەرەخ ھەركەت-كە كېلىپ يولغا چۈشۈپ يۈردى. بىر دەمدىن كېيىن دەرەخ توختىدى. پادىشاھنىڭ قۇلاقىغا ناغرا-سوناي، داپ، ھەر خىل سازلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. پادىشاھ بەزمە بولغان يەرگە كەلمىسىمۇ، بۇ شەھەر يات شەھەردۇر، دەپ دەرھال دەرەخنىڭ گەۋدىسىدىن ئاجراپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ قاراڭغۇ يەرگە بېرىپ تۇردى. ئىككى مۈشۈك دەرەختىن چۈشۈپ شەھەر تەرەپكە ماڭدى. پادىشاھمۇ مۈشۈكلەرگە ئەگىشىپ شەھەرگە كىرىپ بىر يەرگە كېلىپ كۆردىكى، بىر بارگاھدا كۆپ يىگىتلەر جەم بولۇپ ئەيشى-ئىشرەت قىلىۋاتقان ئىكەن. ئىككى مۈشۈك بەزمىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن كىرىپ ھەرەمخانىغا كىرىپ كەتتى. پادىشاھ جامائەتنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇردى. بۇ يەردە پادىشاھنى ھېچكىم تونىمايتتى. پادىشاھنىڭ ئىككى كۆزى ئىككى مۈشۈكتە ئىدى. شۇ ھالدا يېرىم كېچە بولدى. بارگاھنىڭ ئىشىكىدىن بىر يىگىت بىر دەستە گۈلنى ئالتۇن جامغا سېلىپ كىردى. بۇ شەھەرنىڭ قائىدە-رەسىمى-دە ئاۋۋال بويىنغا گۈل ئېسىپ ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ خوتۇنلارنىڭ مەرىكىسىگە قاتنىشىپ بىرەر سائەتتىن كېيىن باشقا ئۆيگە بېرىپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى يىگىت گۈلنى بويىنغا ئېسىپ ئاجايىپ ھۆر سۈپەت-لەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ ئولتۇردى. پادىشاھمۇ بويىنغا گۈل ئېسىپ ھېلىقى يىگىتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

پادىشاھ ھەيران بولۇپ، ئەقلىنى ئوغورلايدىغان گۈزەللەرنىڭ جامالىغا قاراپ تاماشا قىلىپ ئولتۇردى. پادىشاھ شۇ ئەسنادا ئەتراپقا قاراپ كۆردىكى، ئۆزىنىڭ خوتۇنى ۋەزىرنىڭ خوتۇنى بىلەن ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر نازىنىن يىگىتنى قۇچىقىغا ئېلىپ، بىر-بىرىنىڭ قولىدىن شاراپ ئىچىشىپ مەست بولۇپ، يىگىتنى رۇخسارىغا سۆيدۈرۈپ ئولتۇراتتى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ھوشىدىن كېتىشكە تاس قالدى. لېكىن ئۇ ئۆزىگە ئۆزى ھاي بېرىپ نىقاب سالغان خوتۇنلارنىڭ يېنىدا مەي ئىچىپ ئولتۇردى.

بەزمە شۇنداق قىزىغان ۋاقىتتا پادىشاھنىڭ خوتۇنى ۋەزىرنىڭ خوتۇنىغا پادىشاھنى كۆرسىتىپ، ئالدىغا كېلىپ قاراپ:

— بۇ يىگىت پادىشاھقا بەك ئوخشايدى-

كەن، — دېدى. لېكىن پادىشاھنى تونىيالماي، ئاخىرى ئاشىقنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ جامنى تولدۇرۇپ ھاراق ئىچتى.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى بىلەن ئىككىسىنى پارە-پارە قىلىپ، دەرھال جەھەننەمگە يوللايمەن، دەپ ئەھدى قىلدى. ئەتىسى سۇبھى ۋاقتى بولغاندا ئۇ ئىككى نائەھلى كەلگەنگە ئوخشاش دەرەخ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. پادىشاھمۇ ئۇلار چىققان دەرەخكە يامىشىپ تۇرۇۋىدى، ئاۋۋال قانداق كەلگەن بولسا يەنە شۇنداق ئۆز شەھىرىنىڭ چېگرىسىغا كەلدى. پادىشاھ خوتۇنىدىن بۇرۇنراق ئۆز ئورنىغا كېلىپ ياتتى. خوتۇنى پادىشاھنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇردى. ۋاقىت ئۆتۈپ نامازنىڭ ۋاقتى بولدى. قارا يۈز خوتۇن ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇشقا مەشغۇل بولدى. پادىشاھ كېچە ئۇخلىمىغاچقا قاتتىق ئۇخلاپ قالدى. پادىشاھ ئۇيقۇسىدىن ئويغانسا خوتۇنى قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. خوتۇن «سەن تاز دېگەنچە مەن دەۋالاي» دەپ ئويلاپ پادىشاھقا:

— بۇ نېمە ئۇيقا، كېچىدىن نەگە باردىڭ، سەن مەندىن يوشۇرۇن باشقا بىرسى بىلەن ئۆيلىنىپسەن، — دېدى.

پادىشاھ بۇ كالتە پەم خوتۇننىڭ تېتىقسىز سۆزلىرىنى ئىشىتىپ ئۆزىنى بېسىۋالالماي غەزەپتىن ئېتىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ:

— ئەي بەدبەخت، بەدقىلىق، ئەمدى ئۆز غېمىڭنى يەپ تۇرغىن. جەھەننەمگە سەپەر قىلىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، بۇ كېچە قىلغان-ئەتكەنلىرىڭنىڭ جازاسىنى تارتىسەن، — دېدى.

ئۇ قارا يۈز خوتۇن پادىشاھ ماڭا زىيان يەتكۈزۈشتىن بۇرۇن ئىشنى تامام قىلاي، دەپ بىر قامام تۇپراقتا ئەفسۇن ئوقۇپ دەم سېلىپ پادىشاھنىڭ ئۈستىگە چاچقانىدى، پادىشاھ بىر ئالتۇن قاناتلىق توزنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ تومشۇقىنى يەرگە يېقىپ تۇردى. خوتۇن خاتىرجەم بولۇپ ئولتۇردى. تاڭ ئاتقاندىن كېيىن بارلىق ئەركانى دۆلەتلەر پادىشاھنىڭ سالامىغا كىرسە پادىشاھ تەختىدە كۆرۈنمىدى. ئۇلار كۆڭلى مەيۇس بولۇپ قايتىپ كەتتى. نەچچە كۈن شۇنداق بولدى. ئۇزۇنغىچە پادىشاھ تالاغا چىقمىغاچقا ئەمىرلەر تېخىمۇ بىتاقەت بولۇپ ساراي خوجايىنىنى پادىشاھقا يېقىن دەپ ئۇنى ئەھۋال ئۇقۇشقا ئەۋەتتى. ساراي خوجايىنى پادىشاھنىڭ خوتۇنىدىن پادىشاھنى سۈرۈشتۈردى. خوتۇن ساراي خوجايىنىغا:

— شاھنىڭ مۇبارەك ۋۇجۇدىغا كېسەل پەيدا بولۇپتۇ. شۇڭا تاشقىرىغا چىقالماس. پادىشاھ، ۋەزىرلەر ئەمدى ئوششاق-چۈششەك ئىشلارنى قويۇپ دۇئاگويلۇقنى بىجا كەلتۈرۈپ، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمنىڭ سالامەتلىكىنى خۇدائى تەئالادىن تەلەپ قىلسۇن دېدى، — دېدى. ساراي خوجايىنى چىقىپ ئەمىرلەرگە ئۇ خوتۇننىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. ئەمىر ئۆلىمالەر ئۇلۇغ-كىچىك ھەممىگە پېتىپ پەرىشان بولدى. ئەمما ۋەزىرنىڭ ئەقلى زىيادە، ئىخلاسى كۈچلۈك بولۇپ، ھەممىدىن بەك پەرىشان بولدى. ئاخىرى ۋەزىر چوقۇم پادىشاھقا بىرەر ئىش بولۇپ ئىختىيار ئۆز قولىدىن كەتكەن

ئوخشايدۇ، دەپ ئۆيىگە قايتىپ، ئۆز خوتۇ-
نىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ياخشى سۆزلەرنى
قىلىپ ئەركىلىتىپ:

— ئەي قەدىرلىك، ساڭا جاھاندا
دەيدىغان مەقسىدىم شۇكى، ھەرەمگە
كىرىپ پادىشاھنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر
ئېلىپ كۆرسەڭ، -دەپ يالۋۇردى. ۋەزىرنىڭ
خوتۇنى دەرھال پادىشاھنىڭ ھەرىمىگە
كىرىپ مەلىكە بىلەن بولغان يېقىنچىلىقى
تۈپەيلىدىن مەلىكىدىن پادىشاھنىڭ ئەھۋا-
لىنى سورىدى. مەلىكمۇ ۋەزىرنىڭ خوتۇنىغا
ئىشىنەتتى. شۇڭا بولغان ۋەقەنى بايان
قىلدى. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ئۆيىگە كېلىپ
ئىشتىكەن ۋە كۆرگەننى باشتىن ئاخىرغىچە
ۋەزىرگە بايان قىلدى. ۋەزىر بۇ ۋەقەنى
بىلگەندىن كېيىن غەمگە پاتتى ۋە پەرىشان
بولۇپ، خوجايىنغا بىرەر يامانلىق يەتكەندە
ياكى ئۇنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇنىڭغا
ياردەملىشىپ، جاپانى تەڭ تارتىپ ئۇنى
ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش پەرىزدۇر، مەن
مۇشۇ ۋاقىتقىچە پادىشاھنىڭ دۆلىتىگە
شېرىك بولدۇم. ئەمدى دوستلۇقنى جايىغا
يەتكۈزگەيمەن دەپ تىزلىك بىلەن ھىممەت
كەمرىنى بېلىگە باغلاپ، ئەقلىنى ئىشقا
سېلىپ بىر تۈزنى ئۆيىگە كەلتۈرۈپ قويدى.
ئاندىن كېيىن ھەرەمنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ
ساراي خوجايىنغا:

— خېلى ۋاقىت بولدى، پادىشاھنىڭ
دىدارىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم قالدىم
ھەمىشە پادىشاھنىڭ مۇبارەك تىلىدىن
ھېكمەت ئاڭلاپ تۇراتتىم. ھازىر بولسا
پادىشاھ بىلەن دىدار كۆرۈشەلمىدىم.
شۇڭا دىلىم مالاللىق سىزىۋاتىدۇ. مەن
دىلىمغا بىرەر ئازارلىق يەتكەندە بىر تۈزنى
پەيدا قىلىپ، ئۇنى تاماشا قىلىپ كۆڭلۈمنى
كۆتۈرەتتىم. ئاڭلىسام پادىشاھنىڭ بىر توزى
بار ئىمىش. پادىشاھنىڭ دىدارىنى كۆرەلمەي
بەك بىئارام بولۇۋاتىمەن. ئەگەر مەلىكە
خۇبان ئىلتىپات قىلىپ قىسقا ۋاقىت توزنى
بېرىپ تۇرسا، ئايىقىنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ،
كۆزۈمنى رۇشەن قىلسام، بېشىم ئاسمانغا
يېتەتتى، — دېدى. ساراي خوجايىنى
ھەرەمگە كىرىپ ۋەزىرنىڭ ئەرزىنى مەلىكىگە
يەتكۈزدى. مەلىكە ۋەزىرنىڭ كۆڭلىنى
يەردە قويماي، ئېھتىياتنى قولدىن بېرىپ،
تۈزنى يەنى تۈزغا ئايلىنىپ قالغان پادىشاھنى
قەپەزگە سېلىپ بىر سائەت ساقلاپ تېزدىن
قايتۇرسۇن، دەپ بەردى. ساراي خوجايىنى
ۋەزىرگە مەلىكىنىڭ سۆزىنى بايان قىلدى.
ۋەزىر مەلىكىدىن «كۆپ مىننەتدار بولۇپ» -
تۈزنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ۋەزىر خوتۇنىنىڭ
ئايىقىغا بېشىنى قويۇپ؛

— ئەي قەدىرلىك خوتۇن، ناز-كەرشە-
مىلىرىڭگە جېنىم پىدا بولسۇن، شېرىن
سۆزلىرىڭگە مۈلكىم سەدىقە بولسۇن. بۇ
ۋاقىتتا بەخت بىزگە باقتى. يۈز بىر ھىلە
بىلەن پادىشاھنى قولۇمغا كىرگۈزدۈم.
ئەمدى نىمە مەسلىھەت كۆرستەرسەن،
—دېدى. خوتۇن تېخى جاۋاب بەرمەستە
ساراي خوجايىنى كېلىپ مەلىكىنىڭ تۈزنى
قايتۇرۇپ كېلىشكە بۇيرىغانلىقىنى ئېيتتى.
ۋەزىر پادىشاھنى قەپەزدىن چىقىرىۋېلىپ
ئۆزى تەييارلاپ قويغان تۈزنى قەپەزگە
سېلىپ بەردى.

مەلىكە ئۇزىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى.

ئەمدى گەپنى ۋەزىرنىڭ ئۆيىدىن ئاڭلايلى:

ۋەزىر خوتۇنىغا يالۋۇرۇپ:

— ئەي نادىرە دەۋران، ئەگەر سېنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىڭ بولسا، ھەممەت نەفسىڭنى ھەركەتكە كىرگۈزۈپ پادىشاھنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ نىجاتلىق بەرگىن. ئۇنىڭ دۆلىتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، پادىشاھلىق تاجىنى بېشىمغا قويۇپ، سۇلتانلىق تەختىدە ئولتۇرسام، سەن پادىشاھلارنىڭ خوتۇنلىرى قاتارىدا بولغايسەن، — دېدى. شۇ ۋاقىتتا ۋەزىرنىڭ خوتۇنىنىڭ كۆڭلىگە مال-دۇنيانىڭ ھەۋىسى چۈشۈپ، ئاياللارنىڭ مال-دۇنياغا بولغان ئامراقلىق تەبىئىيتىنى ئاشكارلىدى. لېكىن ۋەزىرنىڭ خوتۇنىنىڭ مەلىكە بىلەن دوستلىقى بار ئىدى. شۇڭا دوستلۇقنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاپ ۋەزىرگە:

— مەن پادىشاھنىڭ سۈرىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىمەن، ئەمما ئۇنىڭدىن بارلىق مال-مۈلۈك، دۇنياسىنىڭ يېرىمىنى ساڭا بېرىشكە تىلىدىن خەت-مۆھىر ئالغاندىن كېيىن ئۇنى يەنە ئۆز سۈرىتىگە كىرگۈزۈپ مەلىكىگە ئاپىرىپ بېرىمەن، — دېدى.

ۋەزىر زورۇرىيەت يۈزىسىدىن بۇ شەرتنى قوبۇل قىلدى. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ئەقىلسىزلىكتىن قولىغا بىر قامام تۇپراقنى ئېلىپ ئەفسۇن ئوقۇپ دەم سېلىپ پادىشاھنىڭ يۈزىگە چاچقانىدى. شۇئان ھامان پادىشاھنىڭ سۈرىتى ئەسلىگە كەلدى. ۋەزىر تىزلىك بىلەن غىلاپىدىن خەنجەرنى ئېلىپ خوتۇنىنىڭ بېشىنى كېسىپ قەلەم قىلدى. پادىشاھ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى ۋەزىرنىڭ ئۆيىدە كۆرۈپ سورىدى:

— مەن بۇ ئۆيگە قانداق كەلدىم. بۇ خوتۇننى كىم ئۆلتۈردى؟ — دېدى، ۋەزىر بولغان ۋەقەنى ئاۋۋەلدىن تا ئاخىرغىچە بايان قىلدى. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ ۋاپادارلىق ۋە دوستلۇق يولىدا كۆرسەتكەن جان پىدالىقىغا تەھسىن — ئاپىرىن ئوقۇپ:

— ئەي ۋەزىر، ئەقىللىق دانىشمەن، ئەمدى قانداق مەسلىھەتىڭ بار؟ كۆرسەتكىن، — دېدى. ۋەزىر:

— ئەي پادىشاھى بەختلىك، تېخى مەلىكە بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپمىدى. ئەمدى بىز باشقا شەھەرگە بېرىپ بىر مەخپىي يەرنى ماكان قىلمىز. ئەگەر بۇ ئەھۋالنى مەلىكە بىلىپ قالسا ئۇل ناپاك قول بىزنى سالامەت قويماس، -دېدى.

ۋەزىرنىڭ سۆزى پادىشاھقا ماقۇل كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى كېچىدە شەھەردىن چىقىپ نەچچە كۈن يول مېڭىپ بىر يىگانە ۋىلايەتكە بېرىپ باشقا بىر پادىشاھقا نەۋكەر بولدى. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ۋەزىر بىلەن پادىشاھنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئەدەب-ئەخلاق ۋە پاراسەتلىك، ئۇلۇغ ئادەملەردىن ئىكەن دەپ ئويلاپ، كۆڭلىدە ئۇلارغا بىر مېھىر-مۇھەببەت پەيدا بولدى ۋە ئاخىرى پادىشاھنى ئۆزىگە كىيوئوغۇل قىلىپ قىزىنى بەرمەك بولدى. مۇساپىر پادىشاھ نەچچە قېتىم رەت قىلغان بولسىمۇ بولمىدى. ئاخىرى پادىشاھ قىزىنى مۇساپىر پادىشاھقا نىكاھلاپ بەردى. لېكىن مۇساپىر پادىشاھ بۇ ئىشتىن ئەسلا خۇرسەن ئەمەس

ئىدى.

ۋاقىت شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. بىر كۈنى پادىشاھ قىز بىلەن شاھمات ئويناپ ئولتۇراتتى، ۋەزىرمۇ يېنىدا بار ئىدى. تۇيۇقسىز بىر قارلىغاچ پەيدا بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئۈستىدە چەرخ ئۇرۇپ پەرياد قىلىپ غايىپ بولدى. قىزنىڭ كۆزى قارلىغاچقا چۈشۈپ:

— ئەي شەھرىيار، بۇ قانداق قارلىغاچ؟-دەپ سورىدى. پادىشاھ:

— مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ جانىۋار ھەر تەرەپكە پەرۋاز قىلىپ پەرياد قىلىپ غايىپ بولدى. شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى قارلىغاچ، — دېدى.

— خاتا، — دېدى قىز، — ئۇ قارلىغاچ سېنىڭ ئاۋۋەلقى خوتۇنۇڭدۇر. ئۇ سېنى ئىزلەپ يۈرگەن ئىكەن، ئۇ سېنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ ساڭا قەست قىلماقچى ئىدى، ئەمما مەندىن ئېھتىيات قىلىپ ساڭا زەرەر يەتكۈزەلمىدى. لېكىن ئاگاھ بولغىن، ئۇ مېنىڭ يوق ۋاقتىمدا ساڭا زەرەر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. مەن سېنى بۇ خەتەردىن قۇتۇلدۇرغايمەن،-دېدى.

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تامام ئەزاسىغا قورقۇنچ چۈشۈپ ۋەھىمىدىن بىتاقەت بولۇپ ۋەزىرگە مەسلىھەت سالدى. ۋەزىر قىزنى ئىشارەت قىلىپ:

— ئەي پادىشاھ، بۇ ئىش توغرىسىدا جاھان بانۇدىن ياردەم تەلەپ قىلساق، خۇدا خالىسا مۇشكۇل ئىشىڭ ئاسان بولۇر،-- دېدى. شاھ ۋەزىردىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ قىزنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ يارسازلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قىز ئېيتتى:

— ئەي ۋەزىر ئەمدى بۇ ئىشقا تەبىر قىلىش پەرھىزدۇر. بۇ دۈشمەن ئالدى بىلەن ماڭا قەست قىلىشقا بىلنى باغلايدۇ. مېنى ھالاك قىلىپ ئاندىن پادىشاھقا زەرەر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا ھازىر مەنمۇ قارلىغاچ سۈرىتىدە بولۇپ ھاۋادا ئۇچۇپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ بىلەن چوقۇشۇپ يېنىڭلارغا كېلىمىز. شۇڭا قولۇڭلارغا بىر تاياق ئېلىپ تۇرۇڭلار، ئاگاھ بولۇڭلار، ئالدىدا كىرگەننى تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئىشنى تامام قىلىڭلار، لېكىن ماڭا زەرەر يەتمىسۇن. ئىككىمىزنىڭ پەرقى، ئۇ قارا، مەن ئالادۇرمەن، — دېدى ۋە بىر سېلىكىنىپ قارلىغاچقا ئۆزگەردى ۋە ئۆزىنى قارا قارلىغاچقا يەتكۈزۈپ، كۆپ ئېلىشتى. ئاقىۋەت ئىككىسى پادىشاھنىڭ ئالدىغا چۈشتى. قولىغا بىر تاياق ئېلىپ كۈتۈپ تۇرغان پادىشاھ ۋەزىردىن سورىدى:

— ئەي ۋەزىر، ئاقىل مەسلىھەتچىم، قايسى بىرىنى ئۇراي؟

— ئەي سادىدا پادىشاھ، سەن ئىشىتكەن ئەمەسمۇ، ئىت بولسۇن، بۆرە بولسۇن، ھەممىسى ئادەم چىشلەيدۇ. بۆرە ئاغزىدىن خالاس بولساڭ، ئەجدىھانىڭ نەپسىگە گىرىپتار بولىسەن. پۇرسەت شۇكى، بىر تاياق بىلەن توختىماي ئىككىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ جەھەننەمگە يوللاپ، بۇ بەد قىلىقلارنىڭ ۋەسۋەسىدىن بىر يولى خالاس بولغىن، — دېدى ۋەزىر. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ بۇ سۆزنى خوپ بىلىپ بىر زەرىپ بىلەن ئىككى ناپاكنى جەھەننەمگە يوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بالادىن خالاس بولدى.

پادىشاھ ۋەزىر بىلەن مۇندىن كېيىن خوتۇنلارغا يېقىن يولىماسلىققا ئەھدى قىلدى ۋە ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى. ئەلقىسسە:

ۋەزىر ھېكايىسىنى تامام قىلىپ كۆڭۈلگە ياقىدىغان نەسىھەتلەرنى بايان قىلىپ:

— ئەي شاھزادە، بۇ جاھانئەدىن ھېچكىمگە ھېچ ۋاقىتتا ۋاپا كەلگەن ئەمەس. بىھۇدە كۆڭلۈڭنى بىرىپ ئۆزۈڭنى رەنجى-ئەلەمگە گىرىپتار قىلغىنىڭ خوپ ئەمەستۇر، — دەپ رۇخسەت ئېلىپ ئۆز بارگاھىغا كىرىپ كەتتى.

ھېكايەت قىلىنىشىچە، ئەتىسى سوقراتتەك بىر دانىشمەن مۇنداق سۆز ئالدى:

بىنارىس شەھرىدە ھىندىلارنىڭ ئۇلۇغلار خانىسىدە بىر ئوغۇل بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى زىيادە دانىشمەن ۋە ھۆرمەتكە لايىق كىشى ئىدى. ھەممە بىراھمانلار ئاڭا شاگىرت ئىدى. بىر ۋاقىتلاردا ئول بىراھمان ئۆلدى. تامامى خەلق ئوغلىنى ئاتاسىنىڭ ئورنىدا ھۆرمەت بىلەن ئولتۇرغۇزدى. ئەمما بىراھمان ئوغۇل ئىلىم-كامالدىن بىبەھرى ئىدى. ئۇنىڭ بىر خوتۇنى بار ئىدى. مىكىر-ھىلىدە ئۇنىڭ بارابىرى يوق ئىدى. ھىلىگەرلىكتە ئىبلىسقا ساۋاق بېرەتتى. شۇ شەھەردە ئەخلاقلىق ۋە خوش سۈرەت بىر يىگىت بار ئىدى. بىر كۈنى بۇ ئىككىسى ئۇچرىشىپ قالدى ۋە بىر-بىرىنى كۆرگەن ھامان بىر-بىرىگە ئاشىق بولدى. ئەمما بىراھمانزادە سىياسىتىدىن ئەنسىزلىك ھېس قىلىپ بىر-بىرسى بىلەن ھەم سۆھبەت بولالمىدى. شۇڭا بىراھمانزادىنىڭ خوتۇنى دائىم ئېرىنى بىر يەرگە ئېبەرتىۋېتىپ مەھبۇبى بىلەن بىللە بولۇشنى ئويلايتتى. تۇيۇقسىز بىر ئاخشام بىراھمانزادە كامالشەۋقى بىلەن ئول قارا يۈز خوتۇننى قۇچاقىغا ئېلىپ غۇنچە لىۋىدىن مەي ئىچكەن ئىدى، خوتۇن ھىلە يۈزىسىدىن ئۆزىنى ئارقىغا تارتىپ، ئۆزىچە چىرىدە مالاللىق پەيدا قىلىپ، ئۇ بىچارىنىڭ ھاياتلىق شەربىتىگە زەھەر قوشۇپ قاتتىق سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى يىراققا ئېلىپ قاچتى. بىراھمانزادە ئاياللارنىڭ ئۇنداق ھىلە-مىكرىدىن بىخەۋەر بولغاچقا ھەيران بولۇپ سەۋەبىنى سورىدى. خوتۇن:

— نېمە ئۈچۈن مەھزۇن ۋە غەمكىن بولماي، بۈگۈن بىر مەرىكىگە بارغان ئىدىم. بىر خوتۇن ماڭا:

— بىزلەرنى كۆزگە ئىلماي، ئۆزۈڭنى مۆلچەرلىمەي، سورۇندا بىزنىڭ يۇقىرىمىزغا چىقىپ ئولتۇرىسەن، ئېرىڭنىڭ ۋۇجۇدى بولغان بىلەن ھۈنەر ۋە پەزىلەتتىن بىخەۋەر، ئىلىم-ئەقىلدىن خالىدۇر، تامامى بىراھمانزادىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭدەك بىلىمسىز ئادەم يوق. ئەگەر سەن ئىززەت ۋە ھۆرمەت تەلەپ قىلساڭ ئېرىڭگە نەسىھەت قىلغىن، ئۇ بىر نەچچە ۋاقىت ئۆزىنى مېھنەتكە سېلىپ، مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئىلمى كامال بولسۇن، — دەپ كۆپ ئىزا ۋە ھاقارەت قىلىپ ئورنۇمدىن سۈرۈپ پەسكە چۈشۈردى. ئول خوتۇننىڭ سۆزى يۈرەك-جىگىرىمگە تەگدى ھەم كىشىلەر ئارىسىدا قاتتىق خىجالەتچىلىك تارتتىم. بۇ سەۋەبتىن پەرىشان ھالمەن. سەن بولساڭ ئۆمرۈڭنى زايا قىلىپ ئۆتكۈ-زۈۋاتىسەن، سەندەك ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈ-

زىددىغان ئەرنىڭ بولغىنىدىن ئەرسىز، ماكانسىز يۈرگىنىم ياخشىدۇر. سەندەك بى ئابروي بولسام ھەمىشە شەھەر خوتۇنلىرى مەرىكە-ئولتۇرۇشلاردا ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدىغان نەشتەرى بىلەن يۈرەكنى پارە قىلسا قانداق چىدايمەن؟ سەن ئەمدى زىيارەت تارتساڭمۇ ئىلىم تەھسىل قىلىپ كامالات پەيدا قىلىپ، ئۆزۈڭ بىلەن مېنى خەلقنىڭ تەنە-مالامىتىدىن خالاس قىلغاي-سەن، — دەپ بىر پاتمان يالغان ئېيتتى. بىراھمانزادە خىجالەتمەنلىك بىلەن خېلى ۋاقىتتىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەي خوتۇن، سېنىڭ سۆزۈڭ گەرچە تاپا-تەنە بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنى ماقۇل كۆرىمەن. لېكىن مېنىڭ غەم ۋە ئەندىشە قىلىدىغىنىم بۇ شەھەردىكى بىراھمانلارنىڭ ھەممىسى ئاتامنىڭ شاگىرتلىرى، ئاتامنىڭ شاگىرتلىرىغا خىزمەت قىلىش مەن ئۈچۈن نومۇس، شۇڭا باشقا بىر ۋىلايەتكە بېرىپ ئۇستاز تېپىپ، شۇلارنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ئىلىم تەھسىل قىلسام، ئىشىنىمەنكى كامالەت تاپقايمەن، — دېدى.

خوتۇن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ خۇشال بولۇپ ھىلە-مىكرى يۈزىسىدىن ئەتىيازدىكى باھار بۇلۇتلىرى يامغۇر تۆككەنگە ئوخشاش كۆزىدىن ياشلار تۆكۈپ:

— ئۇنداقتا مەن بەك مۇشكۈلگە قالامدىم، ئەگەر سېنى باشقا ۋىلايەتكە ئەۋەتسەم ئايرىلىش دەردىگە گىرىپتار بولغۇدەكمەن. دۇنيادا ئۇندىن ئارتۇق مۇشكۈل-مۇشەققەت ۋە ئەلەم يوق. ئەگەر بارمىسۇن دېسەم، ئەھلى ئالەمنىڭ مالامىتى ئاندىن زىيادىراقتۇر، — دەپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكتى. بىراھمانزادە خوتۇنىدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ خوتۇنىنىڭ ھىلىسىدىن بىخەۋەر ئۇنىڭ سادالىقىدىن سۆيۈندى ۋە غەيرەتكە كېلىپ ئۆزۈق-تۈلۈك غەملەپ ئىلمى كامالەت ئۈچۈن غۇربەتنى ئىختىيار قىلىپ سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇ ھەر شەھەر ۋە ھەر قەيەردە بىراھمان دانىشمەن بولسا ئۇنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلدى، كۆپ رەنجى-مېھنەت تارتىپ ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ئىلىم جەملە-گەن تۆت كىتابنى تامام قىلدى.

ئەمدى سۆزنى خوتۇنىغا يۆتكىسەك، بۇ بەدخوتۇن ئېرىنى يولغا سېلىپ قويۇپ ئاشىقى بىلەن ھەر ئاخشام ئىشرەت قىلدى. ئەمما ئېرى دانىشمەنلىكتە شۇ زاماننىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ خۇشاللىق بىلەن سەپەردىن قايتىپ ناماز شام ۋاقتىدا ئۆيىگە داخىل بولدى. خوتۇن ئېرىنى كۆرۈپ ناھايىتى بەك غەمكىن ۋە پەرىشان بولدى. ئەمما چاندۇرماي ئېرىنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ بېرىپ ئېرى بىلەن قۇچاقلاشتى ۋە ئېرىنىڭ چىرايىدىكى توپا-چاڭلارنى سۈرتۈپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ، بىر قىسىم چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ ئېرىنى خۇشال قىلىپ ئولتۇردى. ئەمما خوتۇنىنىڭ ئاشىقى بىراھمانزادەنىڭ كەلگىنىدىن بىخەۋەر ئىدى. ئۇ بىراھمانزادىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ پەرىشان بولدى ۋە بىر ئادەمدىن ناپاك خوتۇنغا: «بىر ئامال قىلىپ جامالىنى ماڭا كۆرسىتىپ، كۆزۈمنى روشەن قىلغاي-سەن» دېگەن سۆزنى يەتكۈزدى. خوتۇن

نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئېرىم سەپەردە يۈرۈپ مېھنەت ۋە غۇربەت تارتىپ كەلدى، مەن ئۆيدىن چىقالمايمەن، شۇڭا بۇ كېچە زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ماڭا رۇخسەت بەرسۇن، دېگەن سۆزنى يوللىدى.

يىگىت بۇ سۆزنى ئىشىتىپ يەنە ئادەم ئەۋەتتى. خوتۇن كەلگەن ئادەمنى يولغا سېلىۋېتىپ مىكرى ئىشلىتىپ، بىراھمانزادىگە يۈز ناز-كەرىشمە قىلىپ:

— ئەلھەمدۇلىللا، ئاخىرى سەپەردىن قايتىپ كەلدىڭ. مېھنەت-مۇشەققەت چەكتىڭ. جامالىڭنى كۆرۈش ئىنتىزارىمغا قېنىپ كۆز نۇرۇم روشەن بولدى. قېنى ماڭا بايان قىلغىن، پەزلى كامالىتىڭ قايسى دەرىجىگە يېتىشتى. شۇنى ئۇقسام، ئاندىن خاتىرجەملىك كۆڭلۈمگە جارى بولغاي، — دېدى. بىراھمانزادەنىڭ كۆڭلىنى ساددىلىق ماكان تۇتقاچقا ئايالىنىڭ ھىلە-مىكرىدىن بىخەۋەر ئىدى. شۇڭا دەرھال سۆز باشلاپ:

— ئەي مەلىكەم، خاتىرجەم بولغىن، ئىلىم بابىدا ھېچكىملىكىم يوقتۇر. ئىلىمدە ئەسىرنىڭ يەككە-يىگانىسى بولدۇم. مەن ئوقۇغان تۆت كىتاپ ئۆلىمالارنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر. تامامى ئىلىم شۇ تۆت كىتاپتا جەم بولغاندۇر. ئۇنى دىلىمغا نەقش قىلدىم ۋە بارلىق بىراھمانلەرگە ئۇستاز بولدۇم، — دېدى. خوتۇن بىراھمانزادىدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئاھ ئىسىت، ئىشىڭ تېخى خام ئىكەن. بەشىنچى كىتابنى ئوقۇماپسەن، قىلغان مېھنەت ۋە مۇشاققىتىڭنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپتۇر، — دېدى. بىراھمانزادە:

— ئەي خوتۇن، مەن ئوقۇغان تۆت كىتاپتىن باشقا بەشىنچى كىتاپنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىمىدىم. سەن بەشىنچى كىتابنىڭ بارلىقىنى كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟ — دېدى. مەككار خوتۇن ئاھ تارتىپ ياقىسىنى چاك قىلىپ زار-زار يىغلاپ:

— مەن قانداق شۇم تەلەيمەن. ماڭا قانداق شۇملۇق يۈزلەنگەندۇ. تا ھازىرغىچە غۇربەت تارتىپ سەرگەردان بولۇپ يۈردۈڭ، مەن بىچارە كېچە-كۈندۈز سېنىڭ ھىجرانىڭ ئوتىدا يېنىپ، پىراقىڭدا غەم-ئەلەمگە مۇپتىلا بولدۇم. ھايات بولساڭ ۋىسالىڭنى كۆرەرمەن، دەپ ئۈمىد قىلدىم. خۇداغا شۈكرى جامالىڭنى كۆردۈم. مەن سېنى ساق-سالامەت قايتىپ كەلسە ئۆمرۈمنى خاتىرجەم ئۆتكۈزگەيمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. ۋاي ئىسىت، — دېدى.

بىراھمانزادە بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ ھەيران بولۇپ سورىدى:

— نېمە سەۋەبدىن مۇنچە نالە پەرياد قىلىسەن؟

— ئەي ئارامى جانىم، مېنىڭ بۇ بىقارارلىقىم خاتىرەڭگە مەلۇم بولسۇنكى، يېقىندا پادىشاھ بىراھمانلاردىن بىر مەسىلە سوراپتۇ. جىمى بىراھمانلار يىغىلىپ بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بېرەلمەپتۇ. ئەسلى تۆت كىتابتىن باشقا يەنە بەشىنچى كىتاب بار ئىكەن، ئۇل كىتابنىڭ نامى «تەريابود» ئىكەن. پادىشاھ سورىغان مەسىلە «تەريا-بود» دېگەن كىتابنىڭ ئىچىدە ئىكەن. جىمى بىراھمانلار «تەريابود» ئىلمىدىن بىخەۋەر ئىكەن، بۇنىڭدىن پادىشاھ دەرغە-

زەپ بولۇپ تامامى بىراھمانلارنى زىنداندا سېلىپتۇ ۋە ئۈچ كۈن مۆھلەت ئىچىدە جاۋاب تېپىلمىسا ھەممىڭلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، دەپتۇ. ئەتە مۆھلەت توشقىدەك. سېنىمۇ ئىزلەپ ئادەم كەلگەنىدى، ئىلىم تەھسىل قىلغىلى كەتكەنلىكىڭنى ئاڭلاپ كېتىپ قالدى. ئەسلى سېنىڭ كەلگىنىڭنى ئاڭلاپ خۇشال بولغان ئىدىم. خۇشال بولۇشۇمنىڭ بانىسى «تەريابۇد» نىمۇ ئوقۇپ كەلگەن بولسا بىراھمانلارنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە ھۆرمەتلىك بولغاي، دېگەن ئىدىم. مەلۇم بولدىكى، سەن ئىلمى «تەريا بۇد» تىن خەۋەرسىز ئىكەنسەن. ئۇلار سېنىڭ كەلگىنىڭدىن خەۋەردار بولسا سېنىمۇ ئېلىپ بېرىپ بىراھمانلار بىلەن بىللە قوشۇپ قەتلى قىلىدۇ. ئەمدى جۇدالىقنىڭ داغلىرى كۆڭلۈمگە ئورناپ خانىمانىمدىن ئايرىلىپ، ئۆمرۈمنى سەرسانلىقتا ئۆتكۈزىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى. بىراھمانزادە بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن بەدىنىنى قورقۇنۇچ بېسىپ، يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولۇپ يىقىلدى. خوتۇنى يىغلاپ پىغان تارتىپ، ئېرىنىڭ يۈزىگە گولاپ چېچىپ ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. سائەتتىن كېيىن ئېرى ھۇشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى ۋە:

— ئەي ۋاپادارىم، مەسلىھەتىڭ بولسا كۆرسەت، قانداق قىلسام نىجات تاپىمىز؟ — دېدى. خوتۇن بىر پەس ئويلىنىپ:

— كۆڭلۈڭنى توق تۇتۇپ خاتىرجەم بولغىن، سېنى قۇتقۇزۇشنىڭ بىر ئىلاجى كۆڭلۈمگە كېلىۋاتىدۇ. تېخى سېنىڭ كەلگىنىڭنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا باشقىلار خەۋەر تېپىپ بولغىچە بۇ شەھەردىن چىقىپ باشقا ۋىلايەتكە بېرىپ يەنە بىر نەچچە كۈن جاپاغا گىرىپتار بولساڭمۇ، مەن بەختىم قارا مۇھەببەت ھىجرانىغا گىرىپتار بولساممۇ «تەريابود» دېگەن كىتابنى ئۆگىنىپ كەلسەڭ، بىراھمانلارنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە ھۆرمەتلىك بولغايسەن، — دېدى. بىراھمانزادە خوتۇنىنىڭ مىكرىدىن غاپىل ئىدى. شۇڭا خوتۇنىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ يېرىم كېچىدە جان ۋەھىمىدىن سەپەرگە چىقىپ دەشت باياۋانغا قاراپ مېڭىپ كەتتى. خوتۇن يالغاندىن ئېرىنى يىغلاپ ئۇزۇتۇپ قويۇپ ئاشىقىنىڭ قېشىغا باردى ۋە ئېرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكەن ۋەقەنى سۆزلەپ ئېرىنى مەسخىرە قىلىپ مەي ئىچىپ ئولتۇردى.

بىراھمانزادە كېچە يول يۈرۈپ تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ھېرىپ-ئېچىپ ھالى قالماي بىر كونا قەلئەنىڭ ياقىسىغا بېرىپ بىر ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇردى ۋە تۆت يىل ھەر يەرنى كېزىپ، تامامى بىراھمانلارنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلدىم. ئەمدى ئىلمي «تەريا بود» نى قايسى ئۇستازدىن ئۆگىنىمەن، دەپ غەمگە پاتتى. شۇ چاغدا ئالەمنىڭ قۇياش پادىشاھى نۇرلۇق جامالى بىلەن تەبىئەتنى روشەن قىلدى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىر خوتۇن قولىدا كوزا كۆتۈرۈپ سۇ ئالماق ئۈچۈن ئۆستەڭنىڭ بويىغا كەلدى. ئۇ بىر يىگىتنىڭ مۇساپىر بولۇپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— ئەي بەرنا، نېمە سەۋەبدىن پەرىشان ۋە غەمكىن بولۇپ ئولتۇرىسەن،

نەلەردىن كەلدىڭ، قەيەرگە كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى. بىراھمانزادە ۋاقەنى ئاۋۋالدىن-ئاخىرغىچە بايان قىلدى. ۋەقەنى سۆزلەپ تۇرغاندا بۇ يەرگە بىر نەچچە خوتۇن يىغىلدى. خوتۇنلار بىراھمانزادىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىر-بىرسىگە قارىشىپ كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ بىراھمانزادىگە ئىچى ئاغرىپ:

— ئەي ئەقلىنىڭ ماتەمزادىسى، ۋاي دانىشمەنلەرنىڭ گۇمراھى، «تەريابود» قايناپ تۇرغان دېڭىزدەك غايەت چوڭ بىر كىتابتۇر. كىشىلەرنىڭ ئەقلى ئۇنىڭ پايانىغا يەتمەس. ئەمما خاتىرجەم بولغىنكى، بۇ مۇشكۈلنى بىز ھەل قىلىپ، بۇ ئىلىمدىن ساڭا بىز تەلىم بېرىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سېنى كامىل قىلىپ يولغا سالغايمىز. ئەمما شەرت شۇكى، بىز نېمە خىزمەتكە بۇيرۇساق قارشىلىقسىز بىجا كەلتۈرىسەن، — دېدى. بىراھمانزادە شەرتنى جان-دىل بىلەن قوبۇل قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاياقلىرىغا باش قويۇپ ئىخلاس بىلەن شاگىرت بولدى. ئۇل ھەييارلىقنى ھۈنەر قىلغان ئاياللار مەسلىھەت قىلىشىپ:

— كۈندە بىر كىشى بۇ يىگىتنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ «تەريا بۇد» تىن بىر دەرس-ساۋاق بەرسۇن. ئەشۇنداق بولغاندا بەش كۈندە «تەريا بۇد» تىن بەش دەرسنى ئۇنىڭغا بىلدۈرگىلى بولىدۇ، — دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ تۇنجى كۈنى بىر خوتۇن بىراھمانزادىنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئۆيدە ئىككىسىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى. كەچ كىردى، ئايالنىڭ ئېرى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ كۆردىكى، خوتۇنى بىر يىگىت بىلەن ئولتۇرۇپتۇ.

— بۇ يىگىت كىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ. خوتۇن:

— بۇ يىگىت يات ئەمەس، سىڭلىمنىڭ ئوغلىدۇر، سەھرادىن مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتۇ، — دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئېرى يىگىت بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئايالىغا باشقا بىر ئۆينى جابدۇشقا بۇيرىدى ۋە زىياپەتنى تەييار قىلىپ بىراھمانزادىگە ئىززەت-ئىكرام بىلەن بەزمە تۈزۈپ بەردى. بەزمە قىزىپ ناماز شام بولدى. خوتۇننىڭ ئېرى ئىككىسىنى تۇققانلار مۇڭدىشىۋالسۇن، دەپ خالى قويۇپ ئۆزى باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتتى. ھېلىقى خوتۇن ھەر تەرەپتىن بىھايا سۆزلەرنى قىلىپ، بىراھمانزادىنى قۇچقىغا ئېلىپ:

— ئەي يىگىت، ۋاقىت غەنىمەت، تېز ھەرىكەت قىلىپ مۇراد ھاسىل قىل، — دەپ ئىلتىجا قىلدى. بىراھمانزادە تۇغۇلۇپ تاكى شۇنچىلىك بولغىچە بۇنداق ئىشتىن خالى، ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى بىلگەن ئەمەس ئىدى. ئايالنىڭ سۆزىنى ئىشىتكەندىن كېيىن خىجالەت بولۇپ:

— ئەي خوتۇن، سەن خۇدانى تونۇمامسەن، بۇ قانداق نائىنسابلىق، ھېلى مېنى ئېرىڭگە ھەمشىرەمنىڭ ئوغلى، مەن ئۇنىڭ ھەدىسى دېگەن ئىدىڭ. ئەمدى مېنى زىناغا تەكلىپ قىلامسەن، خۇدانىڭ ھەققى ئۈچۈن بۇ ئىشتىن ئۆتۈپ ماڭا ئازار بەرمىگىن، مەن ئەسلا بۇ ئىشنى قىلماسمەن. مۇنداق ئىشنى قىلىشقا رازىلىقىم يوقتۇر، — دېدى. خوتۇن:

— سەن مېنىڭ ئەمرىمگە قارشىلىق قىلما، — دەپ قىستىدى. يىگىت مۇنداق ئىشنى قىلىپ باقمىغانىدى، لېكىن خوتۇن ئۆز ئىشىغا كامىل ئىدى، شۇڭا ئۇ ئەگەر ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ ئۆزۈمگە يېقىن ئەكەلدۈرمىسەم، يەنە سەرگەردان بولۇپ يۈرۈر، دەپ بىردىن پەرياد كۆتۈردى:

— ئەي خۇدادىن بىخەۋەر، بۇ قانداق بەد بەختلىك، مەن سېنىڭ مۇنداق قىلىشىڭنى ياقتۇرمايمەن. سېنى مەن پەرزەنتىم دەپ غەمخورلۇق قىلسام، مېنى شەرمەندە جاھان قىلامسەن، ئەي ھەمسا-يەلىرىم، مېنىڭ دادىمغا يېتىپ بۇ نائىنساپ-نىڭ قولىدىن خالاس قىلىڭلار!

ھەمسايەلەر قانداقتۇ پىغان-پەريادنى ئىشىتىپ ھەر تەرەپتىن يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. بىراھمانزادە بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ قورقۇنچىدىن بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. ھېلىگەر خوتۇن بىر تاۋاقنى دەسسەپ سۇندۇرۇپ تاشلاپ قويۇپ، بىراھمانزادىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بېشىنى تىزىغا قويۇپ زار-زار يىغلاپ ئولتۇر-دى. ھەمسايەلەر:

— نېمە ۋاقىئە بولغانلىقىنى سوراشتى.

— ئەي ھەمسايەلەر، بۇ يىگىت مېنىڭ جىيەنىم ئىدى، سەھرادىن مېنى يوقلاپ كەلگەن ئىكەن، مەن بىر تاۋاق پولونى تەييار قىلىپ كەلتۈرگەن ئىدىم، تاۋاقنى قولۇمدىن ئېلىپلا ھۇشسىزلىنىپ، تاۋاق قولىدىن چۈشۈپ سۇندى، ئەمدى ئۆزى يىقىلىپ يېتىپ قالدى، — دەپ كۆزلىرىدىن ياش تۆكتى خوتۇن. ھەمسايەلەر:

— غەم-ئەندىشە قىلما، — دەپ چىقىپ كېتىشتى. بىراھمانزادە ھۇشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىگە ئۆزى «ھەر نېمە-دۇر بۇ بالاپەتتىن خالاس تاپتىم» دەپ خۇدايىتەئالاغا شۈكرى قىلدى.

— ئەمدى ساقلاپ تۇرماي ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلىپ مېنى مەقسىدىمگە يەتكۈزۈپ مۇراد ھاسىل قىل، ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭ چوڭ بالاغا گىرىپتار بولۇرسەن، — دەپ يەنە قاتتىق قىستىدى خوتۇن. بىراھمانزادە نائىلاج ئايالنىڭ مەقسىدىنى ھاسىل قىلدى. بۇ چاغدا خوتۇن:

— ئەي ساددا-ئەخمەق، «تەرىيابۇد» كىتابىدىن بىر دەرس بەردىم. بۇنى زىنھار ئۇنتۇپ قالمىغايسەن، — دېدى. ئەتىسى تاڭ ئېتىپ، ئاپتاپ چىققاندىن كېيىن بىراھمانزادىنى ئۇستەڭنىڭ بويىغا ئەۋەتتى.

بىراھمانزادە ئۇستەڭنىڭ بويىغا بېرىپ كۆردىكى، ھېلىقى خوتۇننىڭ دوستلىرى ھەممىسى جەم بولۇپتۇ. بىراھمانزادە كېلىپ ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ھېلىقى خوتۇن قولىغا بىر كوزا ئېلىپ يېتىپ كەلدى، دوستلىرى:

— ئاخشام بۇ مېھمان بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلدىڭ؟ — دېدى. خوتۇن بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. ئەلقىسسە، يەنە بىر خوتۇن بىراھمانزادىگە مەقسىدىنى ئېيتىپ:

— ئەمدى مەن سېنى ئۆيۈمگە ئېلىپ بېرىپ، ئىلمى «تەرىيابۇد» دىن بىر ساۋاق دەرس بەرگەيمەن، — دەپ ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھېلىقى خوتۇن

بىراھمانزادىنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئىززەت بىلەن تائام ئېلىپ چىقىپ بىللە تاناۋۇل قىلىپ ئولتۇراتتى. خوتۇننىڭ ئېرى ئىشىكتىن كىرىپ كەلدى ۋە:

— بۇ يىگىت كىم؟ — دەپ سورىدى.

خوتۇن جاۋاپ بېرىپ:

— بۈگۈن بىر يەرگە مەرىكىگە بارغانىدىم، بىر باققالنىڭ خوتۇنى ئۆز ئېرىنى كۆپ داڭلاپ، مېنىڭ ئېرىمنىڭ ھۈنەر-پەزىلىتى بەك كۆپ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەرىكە ئەھلى، ئېرىڭنىڭ قانداق ھۈنىرى بار، قېنى بىزگە بايان قىلغىن، دېگەندى، ئۇ خوتۇن ئېرىمنىڭ قايسى ھۈنىرىنى بايان قىلسام بولار، ئۇنىڭ بىر ھۈنىرى، ئۇنىڭ كۆزىنى مەھكەم تېڭىپ قويسىمۇ كالىنى بىر قەترە سۈتىنىمۇ يەرگە تامدۇرماي ساغىدۇ، دېدى. بۇنى ئاڭلاپ جامائەت تەھسىن ئوقۇشتى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىپ بۇ قانچىلىك ئىشتى، بۇنداق ئىشلار مېنىڭ ئېرىمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ دېدىم. باققالنىڭ خوتۇنى سۆزۈمگە ئىشەنمەي ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا كۆپ مۇنازىرە ۋە تالاش-تارتىش بولدى. ئاخىر ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەرت تۈزۈلۈپ، ھەممە خوتۇنلارنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن بۇ خۇدادىن قورقىدىغان ئىنساپلىق يىگىتنى ماڭا ھەمراھ قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ سېنىڭ ھۈنىرىڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ شاھىدلىق بەرسۇن، — دېدى.

— ئەي خوتۇن، بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولغىن. بۇ ھۈنەردە باققالدىن كەم ئەمەسمەن، مەن سېنى ھەرگىز خوتۇنلارنىڭ ئالدىدا خىجالەتتە قويمايمەن، — دېدى ئېرى. ھېلىگەر خوتۇن ئېرىدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ گۈلدەك ئېچىلىپ كالىنى كەلتۈردى ۋە سۈت ساغىدىغان قاچىنى ئېرىنىڭ قولىغا بېرىپ، ئېرىنىڭ كۆزىنى ياغلىق بىلەن مەھكەم باغلاپ، كالىنىڭ ئاغامچىسىنى تۇتۇپ تۇردى. ئېرى بولسا كالىنى ساغماققا مەشغۇل بولدى. خوتۇن بىراھمانزادىنى چاقىرىپ:

— ئەي يىگىت، كېلىپ كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىن، — دەپ پۇتىنى ئىشتاندىن چىقىرىپ يېتىپ بىراھمانزادىگە ئىشارەت قىلىپ، ئەمدى ئىشىڭغا تۇتۇش قىلغىن، دەپ بۇيرىدى. بىراھمانزادە تېزدىن ھەرىكەت قىلىپ ئايالنىڭ كۆڭلىنى قاندۇرۇپ ئىشنى تۈگەتتى. خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشتانىنى كىيىپ، ئېرىنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ چەكسىز خۇشاللىق بىلەن:

— ئەي يىگىت، مېنىڭ ئېرىمنىڭ ھۈنىرىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ. ئەمدى راستلىق بىلەن شاھىدلىق بەرگىن، — دېدى. ئېرى خوتۇنىنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ پەخىرلەندى، شۇنىڭ بىلەن خوتۇن بىراھمانزادەنى بىر ئاخشام قوندۇرۇپ ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن:

— سەن ئۇستەڭنىڭ يېنىغا بارغىن، مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن، — دېدى. بىراھمانزادە ئۇستەڭنىڭ بويىغا بارسا، ھەممە خوتۇنلار جەم بولغان ئىكەن. ھايال ئۆتمەي ھېلىگەر خوتۇن بىر كوزا سۇ ئېلىپ يېتىپ كەلدى ۋە كېچە ئۆتكەن ۋەقەنى باشتىن-ئاياق بايان قىلدى.

ھەممىسى ئايالنىڭ ھۈنىرىنى ماختاپ:

— ئەي بىراھمانزادە، مانا بۇ ۋەقە « تەريابود » تىن بىر دەرستۇر، ھەرگىز ئېسىڭدىن چىقارما، — دېدى.

ئۈچىنچى كۈنى يەنە بىر خوتۇن بىراھمانزادىنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆيىگە بېرىپ بىتاقەت بولۇپ:

— ئاھ مەن بولالمىدىم، ئىچىمدە بىر كېسەل پەيدا بولدى. جان قۇشۇم بەدىنىم قەپىزىدىن پەرۋاز قىلىپ چىقاي دەپ قالدى، — دېدى. ئېرى جىددىيلىشىپ:

— نېمە بولدى، نېمە ۋەقە بولدى؟ — دېدى. خوتۇن:

— بىلەلمەيمەن. يېگەن تائامدا خاتالىق بولۇشى مۇمكىن ياكى كىشلەرنىڭ كۆزى تەككەن بولۇشى ئېھتىمال. ئىشقىلىپ تەقدىر-دىن ماڭا بىر خىل كېسەل تەگدى، — دەپ ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ ۋايجانلاپ ياتتى. ئېرى بولسا ئايالنى بەك ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئايالنىڭ ئەھۋالىدىن غەم يەپ قورقۇنچىدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ:

— ئەي خوتۇن، سەن ئازراق سەبرى قىل. مەن تېۋىپ چاقىرىپ كېلەي، ئۇزۇن قالماي بۇ كېسەلدىن نىجات تاپسەن، — دېدى. خوتۇن:

— سەن مېنىڭ كۆزۈمدىن نېرى بارما. ئالدىمدا ئولتۇرغىنىڭ كۆڭلۈمگە ماغدۇردۇر. ئەگەر سەن بولمىساڭ مېنىڭ ئەھۋالىم يامان بولىدۇ. شۇڭا سەن ئۆينىڭ ئوتتۇ-رىسىدىن بىر پەردە تارتقىن. قولۇم قۇشنىلارنىڭ-ئاياللىرى بۇنداق كېسەللەرگە دورا قىلىشقا ئۇستا، ئەمما، ئۇلار سەن بار يەردە مېنى داۋالىيالمايدۇ، سەن پەردىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ ماڭا مەدەت تىلە، — دېدى. ئېرى دەرھال ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر پەردە تارتىپ، ئۆزىنى پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ ئايالنىڭ ساق-سالامەت ساقىيىشى ئۈچۈن خۇداغا ئىلتىجا قولىنى سۇنۇپ دۇئاغا مەشغۇل بولدى. خوتۇن بولسا ئەييارلىقنى ھۈنەر قىلىپ بىراھمانزادىنى ئايالچە ياسىنىپ كەلسۇن، دەپ ئادەم ئەۋەتتى. بىراھمان-زادە چاققانلىق بىلەن ياغلىقنى بېشىغا ئارتىپ يېتىپ كېلىپ « كېرەكلىك دورا » نى ئايالنىڭ دەردىگە قويۇپ، ئايالنىڭ تەشنا دىلىنى قاندۇردى ۋە ئۆيدىن چىقىپ شەھەرنىڭ بىر تەرىپىگە راۋان بولدى. خوتۇن ئېرىنىڭ ئالدىدا تېۋىپ خوتۇننىڭ تەرىپىنى ۋە تەۋسىغىنى قىلىپ ماختاپ، ئاڭا تەھسىن-ئاپىرىن قىلدى. ئېرىمۇ خوتۇنىغا قوشۇلۇپ ئاشۇ يېقىن خوتۇندىن مىننەتدارلىقىنى سۆزلەيتتى. خوتۇن ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا كوزا كۆتۈرۈپ ئۆستەڭ بويىغا كەلسە ئۇنىڭ دوستلىرى بىراھمانزادە بىلەن تۇراتتى. ئۇ كېچە بولغان ۋەقەنى بىر-بىر بايان قىلدى. ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا تەھسىن--ئاپىرىن ئوقۇپ:

— يىگىت، خەۋەردار بولغىنكى، بۇ « تەريابود » تىن بىر دەرستۇر. ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما، — دېدى.

ھېكايە قىلغۇچە ئېيتۇركى، تۆتىنچى كۈنى يەنە بىر مەككار خوتۇن بىراھمانزادە

نى بىر باغدا قويۇپ، ئۆز ئۆيىگە كېلىپ ئېرىگە :

— بۈگۈن بىر مەرىكىدە ئاڭلىسام بىر دېھقاننىڭ بېغىدا بىر خورما دەرىخى بارمىش، ئۇ دەرەخنىڭ ئاجايىپ خاسىيىتى بارمىش، ھەر قانداق كىشى دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئاستىغا قارىسا ئاجايىبات ۋە غارايىبات كۆرەرمەمىش، بۈگۈن باغنىڭ تاماشاسىغا بېرىپ دەرەخنىڭ خورماسىدىن تېرىپ يەپ، ئەشۇ ئاجايىپ-غارايىپتىنى تاماشىشا قىلساق خۇشال بولۇپ زېرىككىنىمىز كېتەتتى، — دەپ سانسىز شېرىن سۆزلەرنى قىلىپ ئېرىنى ماقۇل كەلتۈردى. ئېرى ئايالىنىڭ تەلۋىي بويىچە باغقا باردى. خوتۇن:

— ئەمدى سەن دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئېگىز شاخلاردىن خورما يە ۋە ماڭا تاشلىغىن، ھەمدە تۆۋەنگە باققىن، قانداق ئاجايىپلارنى كۆرسەنكەن؟ — دېدى. ئېرى خوتۇننىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئېگىز شاخلاردىن تازا ئوبدان پىشقان خورمىلاردىن خوتۇنغا تاشلاپ، دەرەخ ئۈستىدە خورما ئۈزۈش بىلەن ئاۋارە بولدى. ئايالى بۇ ۋاقىتتا براھمانزادەنى باغنىڭ بىر بۇلۇڭىغا چاقىردى. براھمانزادە بۇنداق ئىشلارغا كامىل بولۇپ قالغان بولۇپ، ھۈنەرنى كامالىغا يەتكۈزدى. ئېرى دەرەخ ئۈستىدە بۇ ھالنى كۆرۈپ قەھرى-غەزەپ بولۇپ پەرياد كۆتەردى.

— ئەي يارىماس، بۇ قانداق قىلىق؟ — خوتۇن ئېرىنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەي براھمانزادىنى قۇچاقلاپ تۇردى. ئېرى دەر غەزەپ بولۇپ ئايالىنى تىللىغاچ دەرەخ-تىن چۈشۈشكە باشلىدى. ئاڭغىچە براھ-مانزادە ئىشنى تامام قىلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ بولدى. خوتۇن يەردىن قوپۇپ ئۆزىنى تۈزەپ:

— ئەي بىنومۇس، سەن قانداي ئەر، نېمىشقا ماڭا ھاقارەت كەلتۈرسەن، بۇ يەردە سەندىن باشقا ئەركەك جىنسىدىن قېنى كىم بار؟ — دېدى.

ئېرى قارىسا ھەقىقەتەن بۇ باغدا نامەھرەم كىشىدىن ئەسەر يوق. شۇڭا ئۇ ئېھتىمال بۇ يەردە بىر سىر بولسا كېرەك، ھەر قانچە پاسىق بولسىمۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ئۇنداق بى ھايالىق قىلىپ، ئۇنداق ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالماس، دەپ ئويلىدى. ھېلىگەر خوتۇن ئېرىنىڭ ئەندىشىسى-نى يوق قىلىش ئۈچۈن تېزدىن دەرەخكە چىقتى ۋە ئېرىگە قاراپ پەرياد قىلىپ:

— ئەي بىھايا ئەر، ئەگەر سېنى شەيتان ئازدۇرۇپ يولدىن چىقارغان بولسا باشقا يەردە ھەرنە ئىش قىلساڭ قىلغىن. ئەمما، كۆز ئالدىمدا ئۇنداق سەتچىلىك قىلما، — دەپ ئېرىنى ھاقارەت قىلىپ دەرەخ-تىن چۈشۈپ ئېرىنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى. ئېرى:

— ئەي خوتۇن، بىھۇدە پەرياد قىلما. بۇ دەرەخنىڭ خاسىيىتى شۇنداق ئىكەن. ھەر كىشى ئۈستىگە چىقىپ ئاستىغا قارىسا ئەشۇنداق ئاجايىپ-غارايىباتلار كۆرۈنىدى-كەن، — دېدى. ئۇلار خۇشال-خۇرام ئۆيىگە قايتىپ كەتتى.

خوتۇن ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا كۆزا ئېلىپ

ئۆستەڭنىڭ بويىغا باردى. بىراھمانزادە ھېلىقى ئايالىلار بىلەن تۇراتتى. خوتۇن كېلىپ ۋەقەنى بايان قىلدى.

ــ يىگىت، ــ دېدى ئايالىلار كۈلۈشۈپ، ــ بۇ بولسا «تەريابود» نىڭ بىر دەرسىدۇر، ھەرگىز ئىسىڭدىن چىقارما!

ھىكايە تىكىم، بەشىنچى كۈنى يەنە بىر مەككار خوتۇن بىراھمانزادەنى ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ مېڭىپ يولدا بىر پارە ئەپسۇن ئوقۇغاچتى ۋە يەنە باشقا سۆزلەردىن تەلىم بېرىپ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئايال بىراھمانزادەنى سىرتتا قويۇپ ئۆزى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى. بىرەر سائەتتىن كېيىن مەجنۇنلاردەك ئۆزىنى ساراڭ قىلىپ بىھۇدە سۆزلەرنى سۆزلەپ دەم ھۇشىنى يوقۇتۇپ يەنە ھۇشىغا كېلىپ، ئۆينىڭ تۆت ئەتراپىغا قاراپ ھەر خىل سۆزلەرنى قىلغىلى تۇردى. ئايالنىڭ ئېرى ياقىسىنى چاك قىلىپ خوتۇنىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەھۋالنى سورىدى. ئايال ئېرىنىڭ سورىغان سۇئالىغا ھېچ جاۋاپ بەرمىدى. جاۋاپ ئالالمىغان ئەر پەرىشان بولۇپ تۇرار ئىدى. بىراھمانزادە خوتۇننىڭ سۆزى بىلەن بىر كىتابنى قويىنىغا سېلىپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ:

ــ مەن ئۇستا ھۆكىما-تېۋىپمەن، ھەر قانداق كېسەلگە شىپالىق دورا بېرەلەيمەن، ــ دەپ توۋلىدى. ئايالنىڭ ئېرى ئاۋازنى ئاڭلاپ تېزدىن چىقىپ ئۇنى ئىكرام بىلەن ئۆيگە باشلاپ كىرىپ بىمارنى كۆرسەتتى. «تېۋىپ» ئايالنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ:

ــ بۇ ئايالنىڭ ئەزاسىدا ھېچقانداق كېسەل يوق. ئەمما بىر قوي جىنى بۇ ئايالنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋاپتۇ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ياكى قۇتۇلالماسلىقى ئېنىق ئەمەس، ــ دېدى.

خوتۇننىڭ ئېرى بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن تېۋىپنىڭ ئايىقىغا يىقىلىپ زار-زار يىغلاپ:

ــ ئەي ھۆرمەتلىك ئەقىل ئىگىسى، سېنىڭ مۇبارەك قەدىمىڭنىڭ شاراپىتىدىن بۇ بىچارىنىڭ مۈشكۈلى ئاسان بولغاي. خۇدانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئامال قىلىپ بىزلەرنى نائۈمىد قويما، ــ دەپ ھەميانىدىن بىر نەچچە سىقىم پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا قويدى. «تېۋىپ» بۇنى كۆرۈپ:

ــ مەن بۇ كەسىپتە مۇنداق نەرسىلەرنى ئېلىشنى تەرك قىلغانمەن، ئۆزۈمنى تاما بىلەن بۇلغۇمايمەن. لېكىن بۇ ئاجىزنىڭ ياخشىلىقىغا ۋە سېنىڭ شىكەستىلىكىڭگە قاراپ قانداقمۇ ئىلاجىنى قىلماي، ــ دېدى ۋە خۇش بوي دورىلارنى ئوتقا سېلىپ دۇد قىلىپ ئايالنىڭ دىماقىغا تۇتۇپ، ئەپسۇن ئوقۇپ دەم سالدى. سائەتتىن كېيىن خوتۇن كۆزىنى ئېچىپ «تېۋىپ» نىڭ يۈزىگە قاراپ:

ــ ئەي نادان، ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاۋارە قىلما. مەن سېنىڭ ئوقۇغان ئەپسۇنلىرىڭغا قارشى تۇرالمايدىغانلاردىن ئەمەسمەن. سېنىڭ ئەپسۇنلىرىڭ ماڭا كار قىلماس. مېنىڭ ئىسمىنى قىرتاس دىۋە دەيدۇ. يۈز مىڭ دىۋە جىن ۋە پەرى مېنىڭ پەرمانىمدادۇر. سېنىڭدەك نەچچە تېۋىپ-مولللارنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپ قېنىنى جىنلارغا ئىچكۈزدۈم. ئەمدى سېنىڭ جېنىڭغا رەھىم قىلاي،

ئۆزۈڭنى ياقىغا ئالغىن، بولمىسا سىنى پارە-پارە قىلىۋرمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتراپتا ئولتۇرغانلار قورقۇنچىغا چۈشتى. «تىۋىپ» دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئەي بەدبەخت، مەن سىنىڭ لەشكەرلىرىڭدىن قورقۇپ ئۆزۈمنى پىنهانغا ئالمايمەن. سەن دەرھال بۇ خىيالىڭنى بېشىڭدىن چىقارغىن. بولمىسا سىنى يۈزمىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتكە دۇچار قىلىپ ئوتقا سالغاي-مەن، — دېدى.

ئەلقىسسە: ئۇلار مۇشۇنداق نەچچە قېتىم سۆزلەشتى. ئاخىر «تىۋىپ»:

— ئەمدى بۇ بالايى ئەزىمدىن قۇتۇلماق تەس ئوخشايدۇ، — دېدى. بۇ چاغدا خوتۇنىنىڭ ئېرى:

— ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ بىزلەرگە رەھىم قىلغىن، — دېدى، «تىۋىپ» بۇلارغا تەسەللى بېرىپ:

— مەن ئۆيۈمگە بېرىپ ئازراق لازىم نەرسە تەييار قىلىپ كېچىسى كېلەي، — دەپ چىقىپ كەتتى. ئۇ بېرىپ كەپتەرنىڭ تۇخۇمىدىن بىر نەچچىنى ھەر خىل رەڭدە بۇياپ بىر قازانغا سېلىپ كېچە بولغاندا كېلىپ قازاننى ئوچاققا ئېسىپ ئوت ياقتى، يۇرتنىكى تامامى ئەر-ئايال قاراپ تۇرۇشتى. قازان قاينىغاندى، خوتۇن پەرياد قىلىپ:

— ئەي تىۋىپ، خۇدانىڭ ھەققى مېنىڭ جېنىمغا رەھمى قىلىپ قازاننىڭ ئوتۇنى توختات. مەن ئەمدى ئىشىمنى تامام قىلا-دىم، — دېدى. «تىۋىپ»:

— ئەگەر ئەھدى قەسەم ئىچسەڭ سېنى ئازات قىلغايمەن، — دېدى. خوتۇن يەردىن تۇرۇپ «تىۋىپ» نىڭ قۇلاقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ يەنە جايىغا بېرىپ ياتتى. «تىۋىپ»:

— يەرنى كولاپ قازاننى كۆمىڭلار، — دېدى. باشقىلار قازاننى كۆمدى. «تى-ۋىپ» خوتۇنغا:

— دەستۇر-قائىدەڭنى ئېيتقىن، — دېدى.

— ماڭا پاكىزە يىپەك رەختلەردىن كىيىم كەيدۈرۈپ، خۇش بوي دورىلاردا دود قىلىپ، بىر مەيدە ئولتۇرغۇزۇپ، مەيىنىڭ ئۈستىنى زەردىن رەخ ۋە قامىلار بىلەن يېپىپ، خوش ئاۋاز ناخشىچىلار ۋە سازەندىلەرنى يىغىپ خۇش ناۋا ئەيلەپ، مەن ئولتۇرغان مەپىنى تۆت كىشى تۆت تەرەپىدىن دولىسىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ھويلىنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرسۇن. «تېۋىپ» مەپىدە ئولتۇرۇپ مەن بىلەن ئەھدى قىلسۇن، — دېدى. «تېۋىپ»:

— ئەي بەدبەخت، بۇ سۆزلەرنى كىمگە ئېيتىسەن؟ بۇنداق ئىش پادىشاھلارغا مۇيەسسەر بولۇر. ئاسانراق ئىشقا بۇيرۇغىن، — دېدى. ئايالنىڭ ئېرى:

— ئەي ئەقىللىق تىۋىپ، كۆپ هايا-جانلانما. ئۇنىڭ ھەر قانداق مەقسىدى بولسا ھاسىل قىلىۋرمەن، — دەپ خوتۇنىنىڭ دېگەن تەلەپلىرىنى ھازىر قىلدى. «تىۋىپ»-بىلەن خوتۇن مەپىگە چىقىپ ئولتۇردى. مەپىنى تۆت كىشى كۆتۈرۈپ ئەتراپنى ئايلاندى. سازەندىلەر سازلارنىڭ ئاۋازىنى پەلەككە يەتكۈزدى. «تىۋىپ» مەپىنىڭ ئىچىدە ئايالنىڭ تەشنا دىلىنى قاندۇردى. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن «تىۋىپ»

مەپىنىڭ پەردىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ:

— مەپىنى يەرگە قويۇڭلار، — دېدى. مەپىنى كۆتۈرگەنلەر مەپىنى ئاۋايلاپ يەرگە قويدى. ھېلىگەر خوتۇن كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قاراپ:

— ئەي خالايىق، بۇ نېمە ۋەقە، بۇ ساز-سۆھبەت نېمە ئۈچۈن، بۇ نامەھرەم كىشى مېنىڭ يېنىمدا نېمىش قىلىدۇ؟ — دەپ ئۆزىنى پىنھانغا ئېلىپ يۈزىنى يۆگىدى. ئېرى بولسا ناھايىتى خۇشال تەبەسسۇم قىلىپ:

— ئەي خوتۇن، بۇ سورۇنىدىكى يىغىلىش سېنىڭ ھۆرمىتىڭ ئۈچۈن تەييارلانغاندۇر. ئىلاھىم بۇ تىۋىپنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن. ئەگەر ئۇ كەلمىگەن بولسا سەن بۇ دۇنيادىن ئاخىرەتكە كەتكەن بولاتتىڭ، — دەپ ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. خوتۇن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئاللا ئۆزۈڭ پاكتۇر-سەن، دەپ ياقىسىنى چىشلىدى. ئېرى بولسا «تىۋىپ» كە كۆپ تارتۇقلارنى بېرىپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئۇزۇتۇپ قويدى.

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا بەش خوتۇن بىلەن بىراھمانزادە ئۇستەڭنىڭ بويىغا جەم بولۇپ كېچە ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىلدى. ھەممىسى ۋەقەنى ئاڭلاپ ئايالنىڭ ئۇستات-لىقىغا تەھسىن-ئاپىرىن ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن بەش خوتۇن بىراھمانزادىگە:

— ئەي ئىشقا خام ساددا-ئاخماق، ئەمدى «تەريابود» ئىلمىدىن خەۋەردار بولدۇڭمۇ؟ جەمئى ئىلمي «تەريابود» بۇ بەش دەرسىدىن تاشقىرى ئەمەستۇر. خوتۇنلۇق ھىيلە ئىشلىتىپ سېنى دەشت-سەھ-رالاردا غۇربەت چەكتۈرۈپ ئاۋارە قىلىپتۇ،

— دېدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىراھمانزادىگە خوتۇننىڭ ھەقىقى ئەھۋالى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خوتۇنلارغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ قىسقا ۋاقىتتا ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. خوتۇن ئېرىنى كۆرۈپ كۆپ بەش-كەش قىلغان بولسىمۇ بىراھمانزادە خوتۇنغا ئىلتىپات قىلمىدى. شۇنداقتىمۇ خوتۇن چاندۇرماي ئېرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى.

ۋاقىت ئاخشام بولدى. ئايالنىڭ ئاشىقى كىشى ئەۋەتتى. ئاشىقنىڭ تاقىتى تاق بولغانىدى. خوتۇن كىشىدىن مۇنداق گەپ يوللىدى:

— مەنمۇ ۋىسالىڭنى ئارزۇ قىلىمەن. لېكىن پەلەكنىڭ چاقى ھەمىشە ئوڭ ئايلانمايدىكەن، بۈگۈن ئاخشام ئېرىم سەپەردىن كەلدى. بۇ ئاخشام ئۇنىڭ بىلەن بولمىسام بولمايدۇ، شۇڭا بۈگۈن ئاخشام سەبرى قىلغىن.

ئاشىقى بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن:

— ئەگەر بۇ كېچە دۆلەت ۋەسلىڭدىن مەھرۇم قىلساڭ كۆكرىكىمنى خەنجەر بىلەن يېرىپ تاشلايمەن. كۆڭلۈم مېنىڭ ئىختىيارىم-دا ئەمەستۇر، شۇڭا يۈرىكىمنى چىقىرىپ بېراقلا تۆكەشكەيمەن، — دەپ گەپ يوللىدى. ئايال بولسا ئاشىقنىڭ سۆزىنى قولىقىدا قاتتىق تۇتاتتى. شۇڭا ئېرىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئاشنىسى ئەۋەتكەن دەللە خوتۇننى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ياتقۇزۇپ:

— سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ياتقىن، مەن بېرىپ دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ كەلگەي-

مەن. ئېرىم ئۇيغىنىپ گەپ قىلسا ھەرگىز ئاۋازىڭنى چىقارما، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ ئاشىقى تەرەپكە كەتتى... دەللە خوتۇن چىراقنى ئۆچۈرۈپ بىراھمانزادىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بىراھمانزادە ئويغۇنۇپ خوتۇنغا مايىللىق بىلەن مېھرىبانلىق قىلىپ سۆزلەپ خوتۇنىدىن جاۋاپ كۈتتى. دەللە خوتۇنمۇ ناز-كەرىشمە بىلەن غىلجىڭ-لاپ بىراھمانزادە بىلەن بىر گەۋدە بولدى. ئەمما دەللە خوتۇن ئۆزىنىڭ ئاشكارا بولۇپ قىلىشىدىن قورقۇپ ئۇنلۇكراق سۆز قىلماي ياتتى. بىراھمانزادە:

— ئەي خوتۇن، سەن دائىم ناز-كەرىش-مە بىلەن ھەم سۆھبەت قىلاتتىڭ. بۇ كېچە نېمىشقا ھېچقانداق سۆز قىلمايسەن، — دېدى. دەللە خوتۇن قورقۇنچىدىن يەنە ھېچقانداق جاۋاب بەرمىدى. جاۋاپ ئالالمىغان بىراھمانزادە دەرغەزەپ بولۇپ پىچاق ئېلىپ دەللە خوتۇننىڭ بۇرنىنى كېسىۋېتىپ ئۇخلاپ قالدى. كۆرپە-يوتقانلار قان بولۇپ كەتتى. ئاخىرى خوتۇن بېشىنى كۆرپىگە ئوراپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئولتۇردى. سەھەردە بىراھمانزادە خوتۇنى ئاشىقىنىڭ ئۆيىدىن كېلىپ دەللە خوتۇننى ئويغىتىپ سورىدى:

— بۈگۈن كېچە بۇ يەردە نېمە ۋەقە بولدى؟ — دېدى. دەللە خوتۇن:

— بۇرنۇمدىن ئايرىلدىم، — دەپ يۈزىنى كۆرسەتتى. ئول ھىلىگەر خوتۇن دەللىگە ئۆزرە ئېيتىپ:

— ھەرنە بولسا مەن ئۈچۈن بولدى. مەنمۇ سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلغايمەن، — دەپ يولغا سېلىپ قويۇپ بىر بولۇڭغا جايىنماز سېلىپ ئولتۇرۇپ قايغۇلۇق ئاۋاز بىلەن:

— ئەي خۇدا، ھەممە پىنھان ساڭا ئاشكارادۇر. ئۆزۈڭ بىلسەن، مەن يامان يولغا قەدەم قويغان ئەمەسمەن، پاك مەن. ئەمدى ماڭا شاپائەت قىلىپ مېنى ھاقارەتتىن خالاس قىلىپ، بۇرنۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويغىن، — دەپ يىغلاپ ئۈنلۈك مۇناجەت قىلدى، بىراھمانزادە ئايالىنىڭ مۇناجىتىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا ھىلىگەر خوتۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ئىلاھىخۇدايا، ساڭا مېنىڭ بىگۇناھلىقىم مەلۇم بولدى. بۇرنۇم ساق-سالامەت ئەسلىگە كەلدى. خالايىق ئارىسىدىكى شەرمەندىلىكتىن خالاس بولدۇم، — دېدى.

بىراھمانزادە بۇ مۇناجەتنى ئىشىتىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى يورۇتۇپ خوتۇنىنىڭ يۈزىگە تۇتۇپ، خوتۇنىنىڭ بۇرنىنى ساق ھالەتتە كۆردى. ئۇ بۇنىڭدىن قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، خوتۇنىنىڭ پاكلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈپ، خوتۇنىنىڭ ئايىقىغا باش قويۇپ نۇرغۇن ئۆزرەلەرنى ئېيتىپ گۇناھىنى تىلىدى.

ئەلقىسسە: ۋەزىر ھېكايىسىنى تامام قىلىپ شاھزادىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

(ئاخىرى بار)

«باھار دانىش» ناملىق قوليازما كىتاپتىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **مەتىمىن تۇردى**

مۇھەررىرى: **ياسىن زىلال**

# تۈركىي مىللەتلەرنىڭ توي-تۆكۈنلىرىدىكى «چاچقۇ چېچىش» ئەنئەنىسى توغرىسىدا*

فىكرەت تۈركمەن

(تۈركىيە ئېگەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور)

بۈگۈنكى كۈندە پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى فولكلور ئەنئەنىلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا مەنپى تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ، بەزى قىممەتلىك ئەنئەنىلىرىمىز ناھايىتى جانلىق ھالدا ياشىماقتا. بۇلارنىڭ بىرى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ توي-تۆكۈنلىرىدىكى «چاچقۇ چېچىش» ئەنئەنىسىدۇر.

«چاچقۇ» شامان ۋە مۇسۇلمان تۈركىي مىللەتلەرنىڭ نىكاھ مۇراسىملىرىدا خىلمۇ خىل شەكىلدە كۆرۈلىدۇ. ئابدۇلقادىر ئىنان «چاچقۇ» جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە بارلىققا كەلگەن ئەڭ مۇھىم ئەنئەنىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى، ئوۋچىلىق دەۋرىدە سۈت، قىمىز ۋە ھايۋان يېغىدىن، دېھقانچىلىق ئاساس بولغان دەۋردە قوناق، بۇغداي، گۈرۈچ ۋە تۈرلۈك مېۋىلەردىن چاچقۇ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەن ①.

شامان ئېتىقادى بويىچە ئېيتقاندا، پۈتۈن كائىنات ئىنسانلارغا پايدىلىق ۋە زەرەرلىك (ياخشى ۋە يامان) روھلار بىلەن تولغان. ئۇلارنىڭ ھاياتتا ۋە تەبىئەتتە ئوينىغان رولىنىڭ ئەھمىيىتى بەلتىرلەرنىڭ تۆۋەندىكى دۇئاسىدىن ئاسانلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ:

«...ئەي سىز ياراتقۇچىلار! بىزنى پۈتۈن خەۋپ-خەتەردىن قۇتقۇزۇڭلار. تەخسىدەك يۈزلىرىمىزنى تەر بېسىپ كېتىشكە ۋە توپچىدەك يۈرەكلىرىمىزنىڭ تىترىشىگە يول قويماڭلار. ئەي بىزنى قوغدىغۇچىلار، ئەي بىزگە يېمەك بەخش قىلغانلار! چېدىرىمىزنىڭ رۇجەكلىرىدىن نۇر شولىلىرىنى سىلەر كىرگۈزىسىلەر، چېدىرنىڭ تۈڭلىكىدىن قۇياشنى بىزگە سىلەر كۆرسىتىسىلەر.» ②

بىز ئالدى بىلەن ھەر قايسى رايونلاردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا خىلمۇ خىل سەۋەبلەرگە باغلىق بولغان ھالدا داۋاملىشىۋاتقان «چاچقۇ چېچىش» ئەنئەنىسى ئۈستىدە توختالماقچىمىز.

ياقۇت خەلقى ئارىسىدا بىر يىگىت ئۆيلىنىشكە قارار قىلغاندىن كېيىن ئۆز جەمەتىگە مەنسۇپ ياشلارنى بىر يەرگە توپلايدۇ. چوڭلارنىڭ ھوزۇرىدا قام (شامان) مۇراسىم ئۆتكۈزىدۇ. بەيگىگە سېلىنىدىغان ئاتلار باغلانغان قوزۇقلارنىڭ تۆۋىگە قىمىز

---

* بۇ ماقالە 1997-يىل 8-ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «مىللەتلەر فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى زامان جەمئىيىتى» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا ئوقۇلغان.

بىلەن لىق تولدۇرۇلغان تۇلۇملار قويۇلىدۇ. قام بۇ قىمىزلارنى ئاتلارنىڭ ھامىيسى ئىتىق (itik) نىڭ روھىغا «چاچقۇ» قىلىدۇ(3). ياقۇتلار باشباھاردا ئۆتكۈزۈلىدىغان «چاچقۇ» بايرىمىنى «ئىسىئاخ» (isiah)، كۈزدە ئۆتكۈزۈلىدىغان «چاچقۇ» بايرىمىنى «ئاباسى ئىسىغا» (يامان روھلارغا چاچقۇ) دەپ ئاتايدۇ ۋە توققۇز كۈن داۋاملىشىدىغان بۇ بايراملاردا ئالدىن تەييارلانغان قىمىز ۋە قۇربانلىقلارنى «چاچقۇ» قىلىدۇ(4).

ئالتايلىقلار «يايىق كۆتۈرۈش» دېيىلىدىغان مۇراسىمدا يايىق (ۋاستىچى روھ) دېگەن روھقا رەھمەتلىلىك ۋە ئەپۇ سوراش ئارزۇسى بىلەن باشباھاردا قوي ۋە ئۆچكە بىلەن قىسراقلار (بىيەلەر) نىڭ يېڭى سېغىلغان سۈتىنى ئارپا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۇماچ قىلىپ چاچقۇ قىلىدۇ(5).

بەزەن شامان مۇراسىملىرى «ئارۇۋ كۆرمۆسلەر» (ئۆينىڭ ۋە ئائىلىنىڭ ھامىيسى) نىڭ سۈرەتلىرىگە ھاراق-شاراپ سېپىش بىلەن باشلىنىدۇ ۋە بۇ مۇراسىملار شامان ياكى ساھىپخانىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ(6).

ئالتايلىقلاردا «تۆس-تۆز»، ياقۇتلاردا «تاڭگارا»، ئوراخانلاردا «ئەرەن»، موڭغۇل-بۇرياتلاردا «ئونگون» دەپ ئاتالغان بۇتلار كىگىز، ئەسكى لاتا، ئارچا قوۋزىقى بىلەن ياسالغىنىغا ئوخشاش، ھايۋان تېرىسى بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. ئوۋغا، سەپەرگە چىققاندا بۇلارغا چاچقۇ چېچىلىدۇ(7).

ئالپ ئارسلان قىزى بىلەن خەلىپەنىڭ نىكاھى ئوقۇلغاندىن كېيىن ئىككى تەرەپتىكى ئىككى تەخسىدىن ئۆز قولى بىلەن چاچقۇ چاچقان(8). مەھمۇد قەشقىرىمۇ بۈگۈن داۋاملىشىۋاتقان «چاچقۇ چېچىش» ئەنئەنىسىنىڭ تۈركلەردە ھەر قايسى دەۋردە كەڭ ئومۇملاشقان بىر ئادەت ئىكەنلىكىنى، قىز بىلەن يىگىتنىڭ باشلىرىغا پۇل چېچىش ئىشىنىڭ كىشىلەر توپلاشقان جايدا ئالاھىدە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بىلدۈرۈلگەن(9).

خەلىپە ئەل مۇقتەدىر تەرىپىدىن 921-يىلى بۇلغار خانىغا ئەۋەتىلگەن ئەلچى خاننىڭ ھوزۇرىغا كىرگەندە خاننىڭ ئادەملىرى كۈمۈش پۇل چاچقان. مۇتەبەننى دىۋانىدىكى بىر بېيىت «چاچقۇ چېچىش» ئەنئەنىسىنىڭ ئەرەبلەردىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ(10).

بۇ مىساللاردىن شۇنى چۈشەنگىلى بولىدۇكى، «چاچقۇ چېچىش» بىر دىنىي ئاتالغۇ بولۇپ، پۈتۈن تۈركىي مىللەتلەر ئۈچۈن ئورتاقتۇر. ھەتتا روھلارغا «چاچقۇ چېچىش» دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا پۈتۈن دۇنيا قەۋملىرىدە كۆرۈلگەن جاھانشۇمۇل بىر ئادەت.

ئەرزۇرۇم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا قىزنىڭ ئۆزى تەييارلىغان تويلۇق ياكى باشقىلار تەرىپىدىن قىلىنغان ھەدىيەلەر توي قىلىنىدىغان ۋاقىتتا ئارغامچىلارغا ئېسىپ قويۇلىدۇ. قىزنىڭ تۇغقانلىرى تويلۇقنى كۆرۈشكە كەلگەندە ھەدىيە ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ، «چاچقۇ» دېيىلىدۇ(11). ئىستانبۇلدىكى

تويلاردىمۇ قىز شەھەر سىرتىغا بېرىلگەن بولسا تويغا ئېيتىلغانلار ھەدىيەسىنى يىگىتنىڭ ئۆيىگە تويلۇق بېرىپ بولغىچە ئېلىپ كېلىشى لازىم(12).

بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى قارشى چىققان «چاچقۇ» ئەنئەنىسى ياتلىق قىلىنغان قىزنىڭ ئۆزى بارغان ئائىلىگە ئايغىنىڭ يارىششى، بەختلىك ۋە ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن بىر خىل «قانسىز قۇربانلىق» مۇراسىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىزنى ئۆز ئۆيىدىن بولغۇسى ئېرىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان خىلمۇ خىل دىنىي مۇراسىم ۋە پائالىيەتلەر بار. ئەمدى بۇ مۇراسىم ۋە پائالىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى بىلەن تونۇ-شۇپ ئۆتەيلى:

بۇرۇن قىزنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە يىگىت بارمايتتى. ھازىر يىگىتمۇ بارىدىغان بولدى. قىز ياياق، ئات، ئالاھىدە تەييارلانغان مەپە، تەخترىۋان ياكى تاكسى بىلەن يىگىتنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلىدۇ. بۇ كۆچۈرۈش جەريانىدا تاشقى تەسىرلەردىن، بولۇپمۇ كۆز تېگىپ كېتىشتىن ساقلاش ئۈچۈن قىزنىڭ يۈزى ياغلىق بىلەن يېپىلىدۇ. ئانادولۇنىڭ بەزى رايونلىرىدا قىز ئۆيىدىن چىققاندا، بەزى رايونلىرىدا قىز يىگىتنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن نىكاھ ئوقۇلىدۇ. ھەر ئىككى ئەھۋالدا قىز ۋە يىگىت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ۋە شاھىتلىرىدىن باشقا ھېچكىم بۇ يەردە بولمايدۇ. بۇ ئىش قىزنىڭ ياتلىق قىلىنغانلىقى ۋە يىگىتنىڭ ئۆيلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان دىنىي پائالىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يىگىتكە قىزغانچۇقلۇق ياكى دۈشمەنلىك قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن ئەپسۇن ئوقۇپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يامان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالماسلىقىغا دىققەت قىلىنىدۇ.

ئۆزبېكلەردە ئىمام نىكاھ ئوقۇشتىن ئاۋۋال قىز ۋە يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىلىرىدىن تويلۇقنىڭ پۈتكەن-پۈتمىگەنلىكىنى سورايدۇ. «پۈتتى» دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن يىگىتنىڭ ئۈستىگە تىرىق سېپىلىدۇ ۋە يېڭنە بىلەن يىگىتنىڭ كىيىمىنى خىلمۇ-خىل يېرىدىن تىكىدۇ ھەمدە:

«دۆلەتلىك بولغىن، نەۋرە-چەۋرىلىك بولغىن...» دەپ دۇئا قىلىدۇ(13).

تۈركىي خەلقلەردە قىزنى ئۆز ئۆيىدىن كۆچۈرۈپ يىگىتنىڭ ھۇجرىسىغا كىرگۈزۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا ھەر خىل چاچقۇلار چېچىلىدۇ. بۇ پائالىيەتلەردىن مەقسەت قىز ۋە يىگىتنىڭ بىرلىششىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان جىن ۋە ئەرۋاھلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش-تۇر(14). چاچقۇنى چاچقانلارنىڭ بالا-قازانى ھەيدىۋەتتۇق دەپ ئىشەنگىنىگە ئوخشاش، چاچقۇدىن نىسىۋە ئالغانلارمۇ بۇنى ئۆزلىرىگە تەلەي ۋە بەرىكەت كەلتۈرىدۇ دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ساقلايدۇ.

ئەمدى «چاچقۇ» قىلىنىدىغان نەرسىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ ئۆتەيلى:

قىرغىز ۋە قازاقلاردا قۇرت، ئېرىمچىك، كىچىك توقاچ، كۈمۈش پۇل، قىمىز (ئاتنىڭ قۇيرۇق ۋە يايلىغا)(15)، قۇمان ۋە قىپچاق-لاردا پۇل(16)، كەركۈك رايونىدا پۇل،

شكەر، ياڭاق، بادام، قۇرۇق ئۈزۈم(17)، ئەزەربەيجاندا شكەر، يامبۇ (18)، ماكېدونىيەدە بۇغداي، ئارپا، پۇل(19)، دوبرۇجادا قۇرۇق يېمىش، پۇل، ياغدا پىشۇرۇلغان بۇغۇرساق(20)، ئەرزۇرۇمدا قۇرۇق يېمىش، پۇل، ئالما(21)، ئەرزىنجاندا مېۋە، پۇل، ئالما، كەمالىيەدە ئالما، بۇغداي، پۇل(22)، ئاغرىدا قۇرۇق يېمىش، ئالما(23)، تۇنجېلى، بىنگۆل ئەتراپىدا قۇرۇق ئۈزۈم، شكەر، ئالما(24)، سىۋاستا قۇرۇق يېمىش، پۇل(25)، نىغدەدە قۇرۇق ئۈزۈم، بۇغداي، شكەر(26)، بويابادتا كەشكەك (بىر خىل تاماق)(27) قاتارلىق نەرسىلەر قىزنىڭ بېشىغا، شۇنداقلا تويغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئۈستىگە چېچىلىدۇ.

قىز ئۆز ئۆيىدىن چىقىرىلىدىغان ۋاقىتتا ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ياكى قىز كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ چاي پۇلى ئالىدىغان ئادەت كەڭ ئومۇملاشقان. ئارتۋىن ۋە ئەرزۇرۇم ئەتراپىدا قىز كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ ئالدىدا چېلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدۇ ۋە چاي پۇلى ئېلىنىدۇ. بۇ «قوشقار پۇلى» دېيىلىدۇ.

توي كۆچۈرگۈچىلەرنىڭ قىزنى ئالغىلى بارغان يول بىلەن قايتىشى ياخشى دەپ قارالمايدۇ، شۇڭا باشقا يول بىلەن قايتىشقا توغرا كېلىدۇ. نوغايلاردا ئالدىن بەلگىلەنگەن بىر يەردە قىز تەرەپنىڭ ئادەملىرىنى يىگىت تەرەپنىڭ ئادەملىرى قارشى ئالىدۇ. يىگىتنىڭ ئېتى ياكى ھارۋىسى قىزنىڭ ھارۋىسىنىڭ ئەتراپىدا ئۈچ قېتىم ئايلىنىدۇ. يىگىتكە «توققۇزلۇق» دەپ ئاتىلىدىغان توققۇز خىل نەرسىدىن تەشكىل تاپقان ھەدىيە بېرىلىدۇ. بۇ ھەدىيە يىگىتنىڭ ئېتىغا ياكى ھاۋىسىغا باغلىنىدۇ(28). چىلدىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ قىز كۆچۈرۈلگەندە «پاپاق ئاتلىقلىرى» دېيىلىدىغان بىر خىل مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىرىنچى، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى بولغانلارغا ھەدىيە بېرىلىدۇ. بۇمۇ بىر خىل «چاچقۇ» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كەركۈك رايونىدا قىز ئاتقا مىندۈرۈلگەندە بىرىنچى بالىسى ئوغۇل بولسۇن دېگەن نىيەتتە ئېگەرنىڭ ئارقىسىغا بىر ئوغۇل بالا مىندۈرۈلىدۇ(29). تۈركمەنىستاندا قىزنىڭ قۇچىقىغا بىر ئوغۇل بالا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ياكى قېيىن ئانا يوتقاننىڭ ئىچىگە ياتقۇزۇلۇپ قىزنىڭ ئالدىغا قويۇلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىزغا قېيىن ئاناڭغا ئوخشاش ئوغۇل تۇغ دېگەن ئىستەك بىلدۈرۈلگەن بولىدۇ(30). ئانادولۇنىڭ بەزى رايونلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئادەتنى كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، قىز ئۆيگە كىرگەندە قۇچىقىغا بىر ئوغۇل بالا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ ۋە قىزغا تەييارلانغان ئورۇندا ئوغۇل بالا ئۈچ قېتىم ئۆرۈلۈپ ياتقۇزۇلىدۇ.

قىز كۆچۈرۈلگەندە قىلىنىدىغان كونا ئادەتلەرنىڭ بىرى قىز مىنگەن ئاتنىڭ ئالدىغا بىر قوشقارنى ئېلىپ كەلمەكتۇر. قىز ئاتتىن ئىگىلىپ قوشقارنى بىر قولى بىلەن ئاتنىڭ ئېگىرىگە قەدەر كۆتۈرەلىسە ئۇنى ئۆزى ئالىدۇ، كۆتۈرەلمىسە ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ(31).

قىز كۆچۈرۈلگۈچىلەرنىڭ ئالدىنى

ئارغامچا تارتىپ توساش ياكى باشقا بىر شەكىلدە تۈرلۈك قۇرۇشقا ئوخشاش ئادەتلەرنى نەزەرگە ئېلىپ، قىز ئېلىپ-قىز بېرىشتە ئىككى تەرەپ ئارىسىدا سىمۋوللۇق بىر ئۇرۇشنىڭ ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى سۆزلىسەك خاتا بولماس دەپ قارايمىز. بۇ هال قەدىمكى تۈرك جەمئىيىتىدىكى «قىز قاچۇرۇش ۋە قىز ئېلىپ قېچىش (بۇلاش)» تىن كېلىپ چىققان ئۇرۇشلارنى ئەسلىتىدۇ(32).

قوجاجىكتا (ماكېدونىيە) قىزنى هۇجۇرىسىغا ئېلىپ ماڭغاندا ئىشى ئوڭۇشلۇق بولسۇن دېگەن مەقسەتتە ئالدىغا قويۇلغان كىچىك بىر ئۈزۈرىقتىكى سۇنى قىزنىڭ ئوڭ پۇتى بىلەن تۆكتۈرىدۇ؛ قويدەك مۇلايىم بولسۇن، دەپ قوي تېرىسىگە، ساق-سالامەت بولسۇن، دەپ لىگەنگە دەسسىتىدۇ؛ بەرىكەتلىك بولسۇن دەپ. بىر قولتۇقىغا نان، ئىشچان بولسۇن دەپ يەنە بىر قولتۇقىغا سۈپۈرگە قىستۇرىدۇ؛ كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرمىسۇن، ئۆيدە ئولتۇرسۇن، دەپ بېشىنى تۇرخۇنىنىڭ بىر بۇرجىكىگە ئۇستۇرىدۇ؛ يىگىتكىمۇ زىممىسىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئاتقارسۇن، دەپ «قۇرئان» بېرىدۇ(33).

دوبرۇجادا ياشىغان خوتۇنلاردىن بىرى تىرىك ئاق توخۇنىڭ بېشىنى بىر قانىتىنىڭ ئاستىغا تىققان هالدا قىزنىڭ بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرىدۇ. بۇ «قاقما» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان يامان روهلار، جىنلار، پەرىلەر هەيدىۋېتىلگەن ۋە ئۆيگە ئاپەت كەلتۈرمىسۇن، دەپ ئىشكتىن كىرگۈزۈلمىگەن بولىدۇ(34).

تۈركمەنىستاندا قىز ۋە يىگىت ئۆينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ئالدىن يېقىلغان ئۆت ئىككىگە بۆلىنىدۇ ۋە قىز ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ گۇناهلىرى ۋە يامان خۇيلىرى يوقايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. قىزنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقنى ئېچىشتىن ئىلگىرى يېنىدىكى ئىككى ئايال قىزنىڭ كېيىمىنىڭ ئۇستىگە ئەينەك ۋە تاغاق قويىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئەينەك قىزنىڭ بەختىنى ئاچىدۇ، تازىلىقنىڭ سىمۋولى بولغان تاغاقمۇ قىزنىڭ روهىنى پاكىز تۇتىدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، قىزنىڭ يېنىدىكى بىر ئايال قايچىنى ئېچىپ قىسا هەر خىل يامانلىق كېسىلىپ قىزدىن يىراقلىشىدۇ، دېگەن ئېتىقاد هۆكۈم سۈرمەكتە(35).

خاقىنك ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا قىز بوسۇغىدىن ئاتلىغان ۋاقىتتا ئالدىغا ئوت يېقىلىدۇ ۋە ئىشىككە مىخ قېقىلىدۇ (36). ئىنسانلار ئوتنى مۇقەددەس دەپ هېسابلىغان دەۋرلەردىن قالغان بۇ ئادەتتە ئوت ئىنسانلارنى بىر مۇنچە يامانلىقلاردىن ساقلايدۇ، گۇناهلىرىدىن تازىلايدۇ، دېگەن ئېتىقاد بار(37).

تۈركىي مىللەتلەردە بىر بىرىگە يېقىن ئەنئەنىلەرنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى شامانىزم ئېتىقادىنىڭ قالدۇقلىرى ئىكەنلىكى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان بىر هەقىقەتتۇر. بۇ دىنىي مۇراسىم ۋە پائالىيەتلەر ئوڭۇشلۇق، بەرىكەتلىك ۋە بەختلىك بولۇش ئارزۇسى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ. خوشاللىنارلىق بىر ئىش ئۈچۈن بىزنى تەبرىكلىگەن كىشىگە «ئاللا سىزگىمۇ بەرسۇن»

دەيمىز. بۇ تىلەك ۋە دۇئا شامان تەگرىدىلىرىگە قىلىنغان چاچقۇ مۇراسىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك (38). بەزىدە بىرەرسىگە پۇل بەرگەندە چاچچاق تەرىقىسىدە بېشىمىزدىن ئايلاندۇرۇپ بېرىشىمىزمۇ شامان ئېتىقادىنىڭ مۇھىم بىر قالدۇقىدۇر (39).

بۇ ئەنئەنىلەر ئىنسانلارنىڭ بەزى مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قانائەتلەندۈرۈش، ئارزۇ ۋە ئىستەكلىرىنى قەدىمكى مەدەنىيەت ۋە قەدىمكى دىنىي ئېتىقادلاردىن قېپقالغان ئادەتلەر ئارقىلىق ھەرىكەتلىك ئىپادىلەشتىن ئىبارەت.

بۇ قىممەتلىك ئەنئەنىلەر ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى بىلەن كۈندىن كۈنگە يوقۇلۇشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. بۇ ئەنئەنىلەرنى ساقلاپ قىلىش ئۈزىنى، كىملىكنى ۋە كىشىلىكنى بىلىدىغان ھەر بىر ئىنساننىڭ ۋەزىپىسى بولۇشى لازىم.

**ئىزاھاتلار:**

(1) «تارىختا ۋە بۈگۈن شامانىزم»، ئەنقەرە، 1954-يىل، 167-بەت.

(2) سادەددىن بۇلۇچ: «شامانىزم»، 1942-يىل، 3-سان، 130-بەت.

(3) ئا.ئىنان: «ماقالىلار ۋە تەتقىقاتلار» I، ئەنقەرە، 1968-يىل، 344-345-بەتلەر.

(4) ئا.ئىنان: «شامانىزم»، 102-بەت.

(5) ئا.ئىنان: «ماقالىلار»، 415-بەت.

(6) ئا.ئىنان: «ماقالىلار»، 430-بەت.

(7) ئا.ئىنان: «شامانىزم» 42-بەت.

(8) مەھمەت ئالتاي كۆيمەن: «بۈيۈك سالچۇق ئىمپېراتورلىقى تارىخى» 3-توم، ئەنقەرە، 1992-يىل 308-بەت.

(9) يۇقىرقى كىتاب 309-بەت.

(10) ئا.ئىنان: «شامانىزم» 100-بەت.

(11) فىكرەت تۈركمەن: «ئەرزۇرۇمدا توي-تۆكۈن ئەنئەنىلىرى»، «پالاندۆكەن» ژۇرنىلى، 1988-يىل، 1-سان، 24-بەت.

(12) «قەدىمدىن بۈگۈنكى قەدەر ئىستانبول ئېنسىكلوپېدىسى»، مەدەنىيەت مىنىسترلىكى ۋە تارىخ ۋەخپى نەشرى، 1944-يىل، 108-110-بەتلەر.

(13) ئا.ئىنان: «ئۆزبەكلەردە يېزا تويى»، ئەنقەرە، 1942-يىل، 1-سان، 18-بەت.

(14) ياشار قالافات: «شەرقىي ئانادولۇدا قەدىمكى تۈرك ئېتىقادلىرىنىڭ ئىزلىرى» ئەنقەرە، 1990-يىل، 96-بەت.

(15) ئا.ئىنان: «قىرغىز-قازاق تويلىرى»، كۆكبۆرە، 1942-يىل، 3-سان، 17-بەت.

(16) مۇستاپا سافران: «قۇمان ۋە قىپچاقلار ياشىغان رايونلاردا تۈزۈلگەن لوغەتلەرگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشى»، تۈرك مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتى نەشرى، ئەنقەرە، 1993-يىل، 51-بەت.

(17) سۇپھى سائاتچى: «كەركۈك توي-تۆكۈن ئەنئەنىسى»، 3-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق تۈرك فولكلور يىغىنىنىڭ دوكلاتلىرى، ئەنقەرە، 1987-يىل، 319-328-بەتلەر.

(18) تاتيانا زىزەلىژ قالىجانىن: «ئۇستۇرۇمجا ۋە رادوۋىش رايونىدىكى تۈرك ۋە ماكېدون تويلىرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى»، 4-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق تۈرك فولكلور يىغىنىنىڭ دوكلات-

لىرى، ئەنقەرە، 1992-يىل، 173-بەت.

(19) مۇستەجىپ ئۇلكۇسال: « دوبرۇجا ۋە تۈركلەر » ، تۈرك مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنىستىتۇتى نەشرى، ئەنقەرە، 1987-يىل، 108-بەت.

(20) فىكرەت تۈركمەن.

(21) خامىت زۈبەير قوشاي: « تۈركىيەدە تۈرك تويلىرى ھەققىدە سېلىشتۇرمىلىق بىر ماتېرىيال » ، مائارىپ مەتبەسى، ئەنقەرە، 1944-يىل، 5-بەت.

(22) باھائەددىن ئۆگەل: « تۈرك مىللى پۈتۈنلىكى ئىچىدە شەرقى ئانادولو » ، تۈرك مەدەنىيەت تەتقىقات ئىنىستىتۇتى نەشرى، 56، ئەنقەرە، 1985-يىل، 5-بەت.

(23) يۇقىرىدىكى ئەسەر، 124-بەت.

(24) شەرەف بويراز: « تات يېزىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى توي ئادەتلىرى » ، « ئەرجەيەس » ژۇرنىلى، 1991-يىلى 5-ئاي، 161-سان، 30-بەت.

(25) ئالى ئىخسان قولجۇ: « نىغدە قايىرلى ناھىيىسىدە ئۆيلىنىش ئادەتلىرى » ، « تۈرك خەلق مەدەنىيىتىدىن تەرمىلەر » 1992-يىل، 170 ، 134-بەت.

(26) بېكىر باشئوغلۇ: « بوياباتۋە ئەتراپىدىكى تويلار » ، « سىۋاس فولكلورى » ، 1976-يىل 12-ئاي، 47-سان، 91-95-بەتلەر.

(27) مەھمەت ئالى ئەكرەم: « نوغاي تۈركلىرىدە قىز سوراش، قىزنىڭ بېشىنى باغلاش ۋە توي ئەنئەنىلىرى » ، 4-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق تۈرك فولكلورى يىغىنىنىڭ دوكلاتلىرى، 4-توم، ئەنقەرە، 1992-يىل، 91-95-بەتلەر.

(28) سۈيھى سائاتچىنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسى.

(29) مەۋلۈت ئۆزخان: « تۈركمەنىستاندىكى تويلاردا ئېتىقاد بىلەن مۇناسىۋەتلىك بەزى تەتقىقاتلار ۋە تۈركىيەدىكىلەر بىلەن ئوخشاشلىقلىرى » ، « تۈرك دۇنياسى » ژۇرنىلى، 1993-يىلى 9-ئاي، 1-توم، 4-سان، 34-بەت.

(30) . شەرەف بويرازنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسى.

(31) ئالى كامال: « ئەرزىنجان » رەسىملىك ژۇرنىلى، ئاي مەتبەسى 1932-يىل، 279-بەت.

(32) نەرمىن ئەردونتۇغنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسى، 4-بەت.

(33) نۇمان قارتال: « قوجاجىكتا (ماكېدونىيە) توي ئەنئەنىلىرى ۋە ئانادولۇدىكى ئىزلىرى » ، 3-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق تۈرك فولكلورى يىغىنىنىڭ دوكلاتلىرى، ئەنقەرە، 1987-يىل، 216-بەت.

(34) مۇستەجىپ ئۇلكۇسالنىڭ يۇقىرىدىكى ئەسىرى، 108-بەت.

(35) مەۋلۈت ئۆزخانىنىڭ يۇقىرىدىكى ماقالىسى.

(36) جافەر ئاشتەپە: « خافىكنىڭ ھاجىئالى يېزىسىدىكى توي ئادەتلىرى » « سىۋاس » فولكلورى ژۇرنىلى، 1974-يىل، 18-سان، 14-بەت.

(37) بېكىر باشوغلۇنىڭ يۇقىرىكى ماقالىسى.

(38) ئا.ئىنان « ماقالىلار ۋە تەتقىقاتلار » I ، 191-بەت.

(39) ئا.ئىنان، يۇقىرىدىكى ئەسەر.

تۈركچىدىن ئالىمجان ئىنايەت تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: يۈسۈپ ئىسھاق

# ھېسامنىڭ يېڭى چاقچاقلىرى

## بەزدۈرۈش ئۈچۈن

ھېسام بالا ۋاقتىدا ئاپىسىنىڭ دېگىنى بويىچە بازاردىكى بىر سۈماي دۇكىنىغا ماي ئالغىلى بېرىپتۇ.

— كەل بالام، — دەپتۇ خېرىدارنى تونۇۋالغان دۇكاندار، — ھەرقاچان مېنىم ياراپ قېلىپ، ئاپاڭ يەنە مەشەگە مايغا ئەۋەتىپتۇ-دە؟

— ئۇنداق ئەمەس، — دەپتۇ خاتا كىرىپ قالغانلىقىنى بايقىغان ھېسام، — دادامنىڭ ئۈچ-تۆت ئاغىنىسى كۈندىلا تاماق ۋاقتىدا كېلىۋېلىپ ئارام بەرمىدى. ئاپام شۇلارنى ئۆيىمىزدىن بەزدۈرۈش ئۈچۈن سىزنىڭ مېيىڭىزدىن ئەكەل دېگەنىدى.

## كىم ئوغرى

پارىخور بىر ئەمەلدار ھېسامنىڭ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى كەينىگە تارتىپ ھېسامنى ماڭغۇزۇۋېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېسامنىڭ كۈندە دېگۈدەك كېلىۋېرىشىدىن زېرىككەن ئەمەلدار ئۇنىڭغا:

— ماڭە ۋاي ئوغرى، كۈندە كېلىۋېرەمسەن ئىشىڭ تولىلىقىدا، — دەپ ھەيۋە قىپتۇ.

— توغرا دەيسىز باشلىق، پارىغا تويمىغان سىز ئوغرى بولماستىن، پارە بېرەلمىگەن مەن ئوغرى بوپقاپتىمەن-دە، — دەپتۇ-دە، مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

تېشىۋېتىپ مورىنى،
ئوغرى تۇت دەر ئوغرىنى.
كېسەل بولسا ئەمەلدار،
پۇقرا يەمدۇ دورىنى.

## قايتۇرمايدۇ

ھېسامنىڭ قوشنىسى ئۇنىڭ ئۆيىدىكى تېلېفوننى ئىشلىتىپ، بىر تونۇشىنىڭ چاقىرغۇسىغا نەچچە قېتىم تېلېفون قىلىسمۇ، قارشى تەرەپ جاۋاب قايتۇرماپتۇ.

— نېمە بولغاندۇ بۇ ئاداش، جاۋاب قايتۇرمىغىنىنى قاراڭ! — دەپتۇ قوشنىسى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، قايتۇرمايدۇ، — دەپتۇ قارشى تەرەپنى ئوبدان تونۇيدىغان ھېسام، — ئۇنىڭ شۇنداق قايتۇرمايدىغان مىجەزى بار، بۇلتۇر مەندىنمۇ يۈز سوم قەرز ئېلىۋېدى، ھازىرغىچە قايتۇرمىدى.

## ھاجەتمەننىڭ بولسا

ھېسام بىلەن بىر ھويلىدا ئولتۇرىدىغان توغقىنىنىڭ ئوغلى ئوقەت قىلمەن، دەپ بازارغا چىقىپ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالماي مالنى دائىم ھېسامغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
ــ ھاجەتمەننىڭ مېلىكەن، ئالامسىز؟ ــ دەپ سورايدىكەن.
بىر قېتىم ھېلىقى يىگىت تالادىن بىر قىزنى باشلاپ كىرىپ:
ــ ھېسام ئاكا، مۇشۇ قىزنى ئالامسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ.
ھېسام دەرھاللا:
ــ ھاجەتمەننىڭ بولسا ئېلىۋەر، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئۈچ قېتىم تارتىش

لاتارىيەدە بىكاردىن بىكارغا بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ مەلگە قايتىپ كەلگەن ھېسامدىن دوقمۇشتىكى باللار سوراپتۇ:
ــ ھېسامكا، تارتتىڭىزمۇ؟
ــ تارتتىم.
ــ قانداق بولدى؟
ــ قانداق بولاتتى، ــ دەپتۇ جىلىچىلىكتە تۇرغان ھېسام، ــ بىر تارتسام ھېچنىمە چىقمىدى، يەنە بىر تارتسام يەنە ھېچنىمە چىقمىدى. ئۈچىنچى قېتىم كوچەپ بىر تارتقانىدىم، پوسىدە ئۈزۈلۈپ كەتتى.

## نەنىڭ تاۋۇزى ياخشى

تومۇز ئىسسىقتا ئېشىزدىن چاڭقاپ قايتقان ھېسامنى باققال دۇكىنى ئالدىدا بەسلىشىۋاتقان ئىككى يىگىت توختىتىۋېلىپ:
ــ ھېسامكا، مۇنۇ ئىككىمىز زادىلا كېلىشەلمەيۋاتىمىز، سىز دەپ بېقىڭا، زادى نەنىڭ تاۋۇزى ياخشى؟
ــ مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، ــ دەپتۇ ھېسام، ــ توڭلاتقۇنىڭ تاۋۇزى ھەممىدىن ياخشى.

## يۇقۇپ قاپتۇ

ھېسام دوپپا بازىرىدىن ئوغلىغا دوپپا سېتىۋېلىپ ئەكلىپ ئۇنىڭ بېشىغا كەيگۈزسە، دوپپا زادىلا پاتماپتۇ. ئۇ ئامالسىز دوپپىنى قايتۇرغىلى كەپتۇ، بىراق چىرايى كۆمۈردەك قاپقارا دۇكاندار يا قايتۇرغىلى، يا ئالماشتۇرۇپ بەرگىلى زادىلا ئۇنىماي:

ــ ئالمايمەن دېدىم ئالمايمەن، دوپپىنىڭ ئەستىرىگە قارا تېكىپتۇ، ــ دەپتۇ تېرىكىپ.

ــ رەنجىمەڭ ئۇستام، ــ دەپتۇ ھېسام، ــ بالامنىڭ رەڭگى سىزگە ئوخشاپ كېتەتتى، قارىسى دوپپىغا يۇقۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

## جىڭ ئاياغ ساتىدىغان يەرگە

ھېسامنىڭ بىر قوشنىسى ئاياغ تىجارىتى قىلىدىكەن. ھېسام ئۇنى قوشنا دەپ ئىشەنچ قىلىپ ئۇنىڭدىن قىشلىق ئاياغ ئېلىپ كەيسە، ئاياغ ناچار چىقىپ، ئىككى كۈندىلا چەملىرى ئاجراپ چۈشۈپ قاپتۇ. ھېسام شۇ ئىش بىلەن خاپا كېتىۋاتسا ھېلقى قوشنىسى ئۇچراپ:

ــ ھېسامكا، نەگە ماڭدىڭىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ھېسام:

ــ جىڭ ئاياغ ساتىدىغان يەرگە، ــ دەپتۇ ـ دە، مۇنۇ قوشاقنى ئوقۇپتۇ:

شىۋىرغاندا شۇمشىيىپ،
چۈجەم قالدى كاتەكتە.
جا ئاياغقا ئالدىنىپ،
ھېسام قالدى پىتەكتە.

## قەلب ئالماشتۇرۇش

باشلىققا تولا گەپ توشۇيدىغان بىر خىزمەتچى خىزمەت ۋاقتىدا ھېسامنىڭ يېنىغا كىرىپ:

ــ كىلىڭا ھېسامدىن، بىكار ئولتۇرغىچە بىردەم مۇڭدىشىپ، قەلب ئالماشتۇرايلى، ــ دەپتۇ.

ــ مەندىن ئالماشتۇرغان قەلبنى ئۆزىڭىز تۇتامسىز ياكى باشلىققا ئاپىرىپ بېرەمسىز؟ ــ دەپ سوراپتۇ ھېسام.

خىزمەتچى لام ـ جىم دېيەلمەي چىقىپ كېتىپتۇ.

## ھېسامنىڭ باھاسى

غادايغاق بىر تىجارەتچى سورۇندا ھېسامنى چۆشۈرمەك بولۇپ:

ــ ھە، ھېسام، ھازىر ھەممە نېمىنى نەرقى بىلەن ئۆلچەيدىغان بوپكەتتۇق. ئېيتىپ باقە، سېنىڭ باھايىڭ نەچچىدۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ مېنىڭ باھايىم بەلكىم قولىڭىزدىكى توم ئۈزۈكتىن ئەرزانراق، بىراق سىزدىن قىممەترەك.

## چاقچاق پۇلى

يولدا بىر تاكسى شوپۇرى ھېسامنى ماشىنىسىغا سېلىۋاپتۇ. يولبويى ھېسام چاقچاق قىلىپ ئۇنى كۈلدۈرۈپ كەپتۇ. ئۆيگە كەلگەندە شوپۇر:

— ھېسامكا، كىرا پۇلىنى بەرمەمدىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ.

— راسلا ھە، — دەپتۇ ھېسام قايرىلىپ، — چاقچاق پۇلىدىن كىرا پۇلىنى تۇتىۋېلىپ قالغىنىنى قايتۇرۇۋېتىڭ ئەمسە.

## ئەسكە ئېلىش

تولىمۇ مەككار بىر ئادەم ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ ھېسامدىن سوراپتۇ:

— ھە، ھېسام، مېنى ھەر كۆرگىنىڭىزدە ئۇلۇغ ئادەملەردىن كىمنى ئەسكە ئالسىز؟

ھېسام دەرھاللا:

— مايمۇن ئويناتقۇچىنى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئىقتىسادىي زىرائەت

ھېسام يېزىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە يۇقىرىدىن كەلگەن بىر باشلىق كۆپ قېتىم « ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىڭلار » دەپ سۆزلەپتۇ.

— باشلىق، مەن يېرىمگە قانداق ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىسام بولار؟ — دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ ھېسام ئۇنىڭدىن. باشلىق دەررۇ بىر نېمە دەپ بېرەلمەي:

— پەرۋىشى ئوڭاي، تېز تەييار بولىدىغان خېرىدارلىق بىر نەرسە تېرىڭ، — دەپتۇ.

— ياخشى، — دەپتۇ ھېسام، — ياخشىسى خوتۇنۇمنىڭ مەسلىھەتىگە كىرىپ ئۇن مو يەرگە ئۇسما تېرىۋېتەي.

## يۇتىۋېلىش

ھېسامنىڭ قوشنىسىنىڭ ئىككى ياشلىق ئوغلى ئۇن تىيىنلىق مىتال پۇلنى ئويناۋېتىپ يۇتىۋاپتۇ.

— قانداق قىلارمەن ھېسام، — دەپتۇ بالىنىڭ دادىسى يىغلامسىراپ، — بالام ئۇن تىيىننى يۇتىۋاپتۇ، بىر نېمە بولۇپ قالارمۇ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھېچنېمە بولمايدۇ، — دەپتۇ ھېسام قوشنىسىنى تىنچلاندۇرۇپ، — بىزنىڭ ئىدارىنىڭ كاسسىرى ھۆكۈمەتنىڭ مىڭ سوم پۇلىنى يۇتىۋېلىپ ھېلىغىچە ھېچنېمە بولمىدى.

## كۆڭۈلگىزدىكىنى تاپسام

زىياپەتكە ئامراق باشلىق تۆۋەننى تەكشۈرۈپ كېلىۋېتىپ، تۆۋەنتىكى كارخاننى كۆرۈپ بولۇپ يېنىدىكى ھېسامدىن سوراپتۇ:

ــ خوش ھېسامدىن، بۇ كارخانىنىڭ دەرىجىسىنى قانداق بېكىتسەك بولار؟ كۆڭلۈمدىكىنى تېپىڭا.

ــ كۆڭلىگىزدىكىنى تاپسام، ــ دەپتۇ ھېسام، ــ بۇنى چۈشلۈك زىياپەتتىن كېيىن بىر نېمە دەيلى.

## چىش دوختۇرىغا نەزمە

چىشى ئاغرىپ دوختۇرغا بارغان ھېسامنى چالا دوختۇر ئاندا ـ ساندا تەكشۈرۈپلا ئۇنىڭ ئاغرىق چىشىنىڭ يېنىدىكى ساق چىشنى يۇلۇۋېتىپتۇ ـ دە، خاتا قىلغانلىقىنى بايقاپ قېلىپ:

ــ ھېسامدىن، دۇنيا دېگەندە قىزىق ئىشلار بولىدۇ ـ ھە؟ ــ دەپتۇ. ھېسام:

ــ شۇنداق، ــ دەپتۇ ـ دە، دەررۇلا مۇ نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

قىزىق دۇنيا، قىزىق ئىش،
يازدا تۇرۇپ كۆيدى قىش.
يۇلۇۋەتتۇق ساق چىشنى،
دەرد كۆرمىدى ئاغرىق چىش.

## ھېسامنىڭ شۈكرىسى

ھېسام ئۆيلىنەي دەپ يۈرگەن كۈنلىرىدە بىر تونۇشى ھېسامغا ئۆزىدەك تۆت پارچە چىقىدىغان بەھەيۋەت بىر ئايالنى تونۇشتۇرۇپتۇ.

ــ خۇداغا شۈكرى، ــ دەپتۇ ھېسام كۆرۈشۈشتىن قايتقاندا ھېلىقى تونۇشتۇرغۇچىغا، ــ ھېلىمۇ ياخشى بىزدە خوتۇننى كىلولاپ ئالىدىغان قانۇن يوق ـ ھە؟

ــ قانداق دەيسەن؟ ــ قىزىقىپ سوراپتۇ تونۇشتۇرغۇچى.

ــ مۇبادا شۇنداق قانۇن بولۇپ، مۇشۇ خوتۇننى ئالىدىغان بولسام قاقسەنەم بوپكەتتىمكەندە! ــ دەپتۇ ھېسام.

توپلىغۇچى: ماخمۇت مۇھەممەت

مۇھەررىرى: يۈسۈپ ئىسھاق

# رىۋايەتلەر

## ئابىھايات ھەققىدە

كۆنلەرنىڭ بىر كۆنى ئۈچ كىشى موللىنىڭ ئاغزىدىن «ئابىھايات سۈيىنى ئىچكەن كىشى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىدىكەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپتۇ.

بۇ ئۈچەيلەن مەسلىھەتلىشىپ ئابىھاياتنى ئىزدەپ سەپەرگە چىقىپ، ئاخىرى ئازراق ئابىھايات تېپىپتۇ. ئابىھايات ناھايىتىمۇ ئاز بولۇپ، ئۇنى بۆلۈپ ئىچىشكە ھېچكىمنىڭ كۆزى يەتمەي، چاكاندا ياغىچىنى ئابىھاياتقا تۇگۇرۇپ نۆۋەت بىلەن ئاغزىغا تېمىتىشقا كېلىشىپتۇ.

ئۇلار بىر تال چاكاندا ياغىچىنى ئاقلاپ ئابىھاياتقا تۇگۇرۇپ نۆۋەت بىلەن ئاغزىغا تېمىتىشىپتۇ، لېكىن ئابىھاياتنى چاكاندا ئىچىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ئاغزىغا ھېچنىمە چۈشمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرسىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئابىھايات بار قاچىنى بىر تەپكەن ئىكەن، قاچىدىكى ئابىھايات بىر تۈپ چاكاندا ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە قونۇپ تۇرغان قۇچقاچنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلۈپتۇ. شۇندىن كېيىن چاكاندا بىلەن قۇچقاچ مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەمەتجان ئابدۇرېھىم
(قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى ئوپال مەدەنىيەت مەركىزىدىن)
توپلىغۇچى: مۇھەممەتئىمىن ھېيت

## ئىگەر ھەققىدە

ئالتۇن ئارت، كۈمۈش ئارت، زۇمرەت ئارت دەپ ئاتىلىدىغان داۋانلار ئارىسىدا ياشايدىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ قانىتى ئات ئىكەن. ئۇلار ئات ئۈستىدە تۇغۇلۇپ، ئات ئۈستىدە ئۆسۈپ ئۈلغىيىپ، ئۆلگەندىمۇ ئات ئۈستىدە جان بېرىشەر ئىكەن.

بىر زامانلاردا يات ئەلدىن ياۋ بېسىپ كەپتۇ. ئات مىنىپ يۈگەن تارتالايدىغانلارنىڭ ھەممىسى قىلىچ-قالقان، نەيزە-ئوقيالىرىنى ئېلىشىپ، جەڭگە ئاتلىنىپ چىقىپتۇ. ياۋ شۇنچىلىك كۆپ ئىكەنكى جەڭ بىر نەچچە كۈنگىچە سوزۇلۇپتۇ. ئۇ زامانلاردا ئاتنى ئىگەرلەش ئادىتى تېخى يوق ئىكەن.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىگىنى جەڭگە ماڭغان ئوغلىغا نان راستلاۋاتقان بىر ئانا قولىدىكى ئادەم بېشىدەك خېمىرنى ئوغلى مىنىدىغان يايداق ئاتنىڭ دۈمبىسىگە سېلىپ بېرىپتۇ. راست دېگەندەك ئوغۇل جەڭ داۋامىدا كۆپ ئارامچىلىق ھېس قىپتۇ. كەچقۇرۇن جەڭدىن قايتقاندا كاسا قىلىپتا ياسالغان «خېمىر ئىگەر» نى كۆرگەنلەر پادىشاھقا شۇ تەقلىدتە ئىگەر ياساشنى

تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ دەرھال ياغاچچىلارغا شۇ شەكىلدە ئىگەر ياساشنى بۇيرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتنى يايداق مىنىدىغان ئادەت ئاياغلىشىپ، ئىگەر بارلىققا كېلىپ، ئاتنى ئىگەرلەپ مىنىدىغان بولغان ئىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: تاھىر مامۇت،
(قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىن)

توپلىغۇچى: ئابلەت ئۇبۇلقاسىم

## سۇغۇر ھەققىدە رىۋايەت

راۋىيلار سۇغۇر ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇ.

بەكمۇ قەدىمكى زامانلاردا شىكار قىلىش ۋە چارۋا-ماللارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا شەھەرلىكلەر بىلەن تاغلىقلار ئوتتۇرىسىدا يايلاق ماجىراسى قوزغىلىپتۇ. كۆپ ماجىرا ۋە سۆلھى-سالالار بولغان بولسىمۇ، لېكىن مۇۋاپىق بىر كېلىشىم قىلالماپتۇ.

بۇ چاغدا تاغلىقلار كېڭىشىپ مۇنداق بىرچارە تېپىپتۇ:

ئۇلار بىر تاغنىڭ تېگىنى كولاپ، ئۇنىڭغا بىر قىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ۋە بىر قانچە كۈنلۈك ئوزۇق تەييارلاپ قىزنىڭ يېنىغا قويۇپتۇ. قىزغا «بىز شەھەرلىكلەر بىلەن كېلىپ تاغ كىمگە مەنسۇپ دېگەن سوئالنى تاغدىن سورايمىز، سەن شۇ چاغدا تاغ تاغلىققا مەنسۇپ دېگىن» دەپتۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تاغلىقلار شەھەرلىكلەرگە:

— بىز نۇرغۇن قېتىم تاغنى تالاشتۇق، لېكىن ماجىرا تۈگىمىدى. بىز شۇ تاغدىن «سەن كىمگە تەۋە؟» دەپ سورايلى. تاغ كىمنى ئىختىيار قىلسا ئۇ شۇنىڭ بولسۇن، — دېيىشىپتۇ. لېكىن، شەھەرلىكلەر «تاغ دېگەنمۇ گەپ قىلالامدۇ؟» دەپ ئۇنىماپتۇ. تاغلىقلار «ئاللانىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. تاغقا گەپ قىلدۇرۇش ئاللانىڭ قولىدىن كېلىدۇ» دەپ شەھەرلىكلەرنى كۆندۈرۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھېلىقى قىز يوشۇرۇنغان تاغنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— تاغ كىمنىڭ؟ — دەپ ئۈچ قېتىم سوراپتۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان قىز:

— تاغ تاغلىقنىڭ، شەھەر شەھەرلىكنىڭ. ھەي تاغلىق، ساغرىسىغا تەپ شەھەرلىكنىڭ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شەھەرلىكلەر: «ئاللا تاغنى تاغلىقلارغا بۇيرىسا، بىزدە نېمە ئامال» دېيىشىپ كېتىپ قاپتۇ.

شەھەرلىكلەر كەتكەندىن كېيىن، تاغلىقلار تاغنىڭ ئاستىدىكى ھېلىقى قىزنى چىقارغۇدەك بولسا، ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ھىيلە-نەيرەڭلىرىگە خۇدانى شىپە

كەلتۈرگەن گۇناھى ئۈچۈن قىز سۇغۇرغا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇندىن كېيىن سۇغۇر تاغدا ھايات كەچۈرۈپ يەر ئاستىنى ماكان قىلىدىغان بولۇپ قاپتىمش.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **مەمەت ئەيسا** (قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە تاشمىلىق 9-كەنتتىن) .
توپلىغۇچى: **مۇتەللىپ مەمەت** (قەشقەر كونا شەھەر تاشمىلىق 9-كەنت مەكتىپىدىن)

# توققۇزاق نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە رىۋايەت

ياۋچىلار تەرىپىدىن ئىلى ۋادىسىدىن قوغلانغان ساكلارنىڭ پادىشاھى سەككىز قەبىلىنى ئەگەشتۈرۈپ، قىرىندا شىلىرى ياشايدىغان سۇلۇق (سۇلى-قەشقەر) گە كېلىپ، كۆك ئارت (پامىر) نىڭ شەرقىي تەرەپلىرىگە ماكانلىشىپتۇ. ساكلار ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز شەھەرلىرى ۋە قورغانلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ قۇدرەتلىنىپتۇ. يەرلىك ۋە ئېرانلىق دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ دەۋەتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ قەدىمىي دىنى شامان دىنىدىن چىقىپ مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئانقاز شەھرىدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، دىنىي ۋە مىللىي مۇراسىملىرى مانىكەنت (مەنگەن) دەپ ئاتىلىدىغان بەش دەرۋازىلىق شەھەردە ئۆتكۈزۈلىدىكەن.

ساكلار ئۆز تەۋەسىنى ئىلىك خانلارغا سۇيۇرغال قىلىپ بۆلۈپ باشقۇرىدىكەن، بۇ سۇيۇرغال زېمىنلەر ئىلىك خانلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن. ساكلار يەرلىك خەلقتىن ئۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئىسىملىرىنىڭ ئاخىرىغا «ساك» دېگەن نامنى قوشۇپ چاقىرىشىدىكەن، ئېكساق (ئىلىك ساق) ، بەيساق (بەگ ساق) ، تۆگساق (تۆگە ساق) ، ئوغۇساق (ئوغۇز ساق) ، ئىنساق (ئانا ساق) ، قۇنساق (قۇن ساق) دەپ ئاتالغان يۇرتلارنىڭ نامى ساق پادىشاھى تەرىپىدىن قويۇلغان كىچىك ئىلىكخانلارنىڭ نامى ئىكەن.

ساكلار كۈزدە مول ھوسۇل تويى ئۆتكۈزىدىكەن. بۇ توي توققۇز كۈن داۋاملىشىدىكەن. ساكلار مانىكەنتكە يىغىلىپ مول ھوسۇل نېمەتلىرىنى نامايەن قىلىپ، ئات بەيگىسى، خوراز سوقۇشتۇرۇشتەك تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشىدىكەن، شاراپ ئىچىشىپ ساما سېلىشىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ساكلار بۇ ئورۇننى «توققۇزساك» (بارلىق ساكلار يىغىلىدىغان جاي) دەپ ئاتىغان ئىكەن. ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن «توققۇزساك» «توققۇزاق» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدىغان بوپتۇ.

«قەشقەر خەلق چۆچەكلىرى» دىن ئېلىندى.

مۇھەررىرى: **مۇختار مۇھەممەت**

# ماقال-تەمسىللەر

ئالماقىنىڭ بەرمىكى بار،
چىقماقىنىڭ چۈشمىكى (بار)

ئات قەدرىنى بىلمەس پىيادە ماڭمىغىچە،
ئاش قەدرىنى بىلمەس ئاچ قالمىغىچە.

ئالتۇن ئالسام جا چىقتى،
قارچۇغا ئالسام سا (چىقتى).

بېخىل چىشلەپ ياتار،
كەمبەغەل ئىشلەپ (ياتار).

كېلىشكەن سودىغا سالا كەتمەس.

ياخشى مال خېرىداردىن ئاشماس.

چۆپقىتىڭ كۆپ بولسا،
يېيىشىڭ نېرىن چۆپ.

نەقتىن ھەسەل پەيدا بولۇر،
نېسىدىن كېسەل (پەيدا بولۇر).

نېسى يىمەڭ گۆشنى،
يېرىپ چىقىدۇ تۆشنى.

سودام راۋان بولسۇن دېسەڭ،
دەسلەپكى سودىدىن يانما.

پۇل تاپقىچە ھېساب تاپ.

ئەرزانچىلىق بولسا، ئالغۇچىدا ئىنساپ قالماس،
قىممەتچىلىك بولسا، ساتقۇچىدا ئىنساپ (قالماس).

بازارنى بېدىك بۇزار.

پۇلى بار چاغدا بىر تۆگە مىڭ تەڭگىگە ئەرزان،
پۇلى يوق چاغدا بىر تۆگە بىر تەڭگىگە قىممەت.

تۆگە تالغا تويماس،
سودىگەر مالغا (تويماس).

ئاتنى ساتساڭ يۈگەننى قالدۇر.

ئاتاڭمۇ بازار، ئاناڭمۇ بازار،
بازارسىز كۈن قۇرۇق مازار.

ئالا قاغىدا ئېلىشىڭ بولسا، بىر كۈنى پۈتەر.

ئالغاندا بىسمىللا،
بەرگەندە ئەستەغپۇرۇللا.

ئالمەن دەپ قوشلاپ بېرىپتۇ.

بازارنى بازار قىلغان باققال،
ئەرنى ئەر قىلغان ساقال.

پايدا بىلەن زىيان بىر تۇغقان.

پۇل دۈشمەننى دوست قىلار،
دوستنى دۈشمەن (قىلار).

پۇلى بارغا بازار،
پۇلى يوققا جازا.

پۇلنىڭ بىر ئۇچى بىلەكتە،
بىر ئۇچى يۈرەكتە.

پۇلنىڭ تىلى يوق.

پۇلنىڭ كەتكىنىگە قارىما،
ئىشىڭنىڭ پۈتكىنىگە قارا.

تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى كۆرەي،
قەرزدار بولۇپ بەرمىگىنىڭنى (كۆرەي).

جېنىم پۇلۇم، خېنىم پۇلۇم،
ماڭا تېخىمۇ يېقىن تۇرۇڭ.

دۇئا-تىلاۋەت مازاردا ياخشى،
سودا-سېتىق بازاردا (ياخشى).

زىيان ئاچچىق، پايدا تاتلىق.

سودىدا دوست يوق.

پۇل — پىششىق تاماق.

سودىگەر بازارغا ئامراق،
سوپى مازارغا (ئامراق).

ئالغىچە ئالمان، بەرگىچە بەزگەك.

بېرەرمەننىڭ بېشىنى، ئالارمەن ئۇڭلاپتۇ.

مىڭ سەرنى يوقاتقان بىر سەر.

مەن بىلمەيدىغان بازار ئەمەس،
پۇل بەرمىگىچە نان بەرمەس.

ئالتىنغا ئېلىپ بەشكە سات،
نامىڭ چىقسۇن سودىگەر.

بېرىپ يامان بولغۇچە،
بەرمەي يامان بول.

نىسى ساتقاننىڭ ھالى خاراپ،
قالدۇ قورۇق ئاسمانغا قاراپ.

يانغان مالدا بەركەت يوق،
بەركەت يوققا ھەرىكەت يوق.

ئۆيدە قىلغان گەپ بازارغا توغرا كەلمەپتۇ.

مۇھەررىرى: ئەسقەر مەخسۇت

# مەنشىرە بانۇ

(چۆچەك)

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاشكەنتكە قاراشلىق سەنبىزارى ھەرەم شەھىرىدە بىر جۈپ توڭگۈز پەيدا بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ يىگۈدەكلىكى نەرسىلىرىنى، كۆپ ئادەمنى يەپ كېتىپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۈسەن شاھىغا مەلۇم قىلغىچە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شەھەر خەلقى بۇ ئاپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىران شاھى خىسروغا ئادەم ئەۋەتىشنى شەھەرنىڭ ھاكىمى كەركىن مىلاتقا مەسلىھەت سېپتۇ. بۇ مەسلىھەتنى ھاكىم كەركىن مىلات قوبۇل كۆرۈپ، نۇرغۇن خەلق بىلەن شەھىرى شىرازغا بېرىپ خىسرو ئوردىسىنىڭ ئالدىدا «دات» ئېيتىپتۇ. ياساۋۇللار ئوردا دەرۋازىسىنى توسۇپ، نېمە دادىڭلار بولسا بىزگە ئېيتىڭلار، دەپتۇ. دادىمىزنى پەقەت خىسروغىلا ئېيتىمىز، يولىمىزنى توسىمىغايسىلەر، دەپ خالايىق چىڭ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ياساۋۇللار شاھ دەرگاھىغا كىرىپ:

— ئەي شاھىم، بىر مۇنچە خالايىقلار دات ئېيتىپ كېلىپتۇ. دادىمىزنى شاھنىڭ ئۆزىگە دەيمىز، دەيدۇ. يارلىقلىرى نىچۇكتۇر؟ —دەپتۇ.

شاھ خىسرو ياساۋۇللىرىغا خالايىقنى ئوردىغا باشلاپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ. خالايىق ئوردىغا كىرىپتۇ. كەركىن مىلات باش ئېگىپ:

— ئەي شاھىم، بىزلەر تاشكەنتنىڭ سەنبىزارى ھەرەم شەھرىنىڭ پۇقرالىرىمىز. شەھىرىمىزدە بىر جۈپ توڭگۈز پەيدا بولدى. باغلىرىمىزدىكى تۈك ۋە پىششىق مېۋىلەرنى، ئۆيدىكى ئادەملەرنى يىدى، خالايىق ئۆيدە ياتالماي، ئۆگزىدە يېتىۋاتىدۇ. بىز بەك قورقۇپ قالدۇق. سىزنىڭ دەرگاھىڭىزدا كاتتا پەھلىۋانلار باردۇر. شەپقەت قىلىپ بىزنى بۇ بالادىن قۇتۇلدۇرۇپ قويسىڭىز، — دەپتۇ.

شاھ خىسرو ئۇلارنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ، پەھلىۋانلارغا:

— ئەي پەھلىۋانلار، كىمدۇركى سەنبىزارى ھەرەمگە بېرىپ توڭگۈزلارنى ئۇۋلاپ، بىر جۈپ چىشىنى كېسىپ كېلىشكە ۋەدە قىلسا بىر دانە ئالتۇن ئىگەرلىك ئارغىماق، ئون ئىككى مىڭ ئەسكەر ئىنئام قىلغايمەن، — دەپتۇ. كىشىلەردىن سۆز چىقىپ بولغىچە پىرئەن نوچىۋان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئەي شاھىم، بۇ خىزمەتكە مەن بارغايمەن، — دەپتۇ. خىسرو شاھ:

— ئەي پىرئەن، سەن ياشتا كىچىك، بۇ ئىشتا بىرەر ۋەقە يۈز بەرسە بوۋاڭ رۇستەم، ئاتاڭ كەيسۇ سالارنىڭ مەندىن كۆڭلى ئاغرىيدۇ، سەن بارمىغىن، — دەپ يەنە پەھلىۋانلارغا قاراپ:

— قايسىڭلار بارىسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ چاغدا يەنە پىرىئەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئەي شاھىم، بۇ خىزمەتنى مەن قىلالايمەن. مېنى توڭگۇزلارغا كۈچى يەتمەيدۇ، دەپ سۇندۇرۇۋاتامسىز، ئەگەر رۇخسەت قىلمىسىڭىز كۆزىڭىزدىن ئەنقادەك يوقتۇپ كېتىمەن، — دەپتۇ.

شاھ خىسرۇ نائىلاج بۇ ئىشنى پىرىئەنگە تاپشۇرۇپتۇ.

پىرىئەن ئۇن ئىككى مىڭ لەشكەرگە باش بولۇپ سەنبىزارى ھەرەمنىڭ ھاكىمى كەركىن مىلات بىلەن بىللە سەنبىزارى ھەرەمگە كەپتۇ. كەركىن مىلات:

— ئەي پىرىئەن، شەھەرگە كىرىپ بىر نەچچە كۈن دەم ئېلىپ ئاندىن توڭگۇزلارنى ئوۋلاشقا چىقايلى، — دەپتۇ.

پىرىئەن:

— مەن توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن بۇ يەرنىڭ نېمىتىنى ئېغىزىمغا سالغايمەن. بولمىسا بىر يۇتۇم سۇ، بىر توغرام نانمۇ ماڭا ھارام بولغاي، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پىرىئەنگە ئىككى ئادەم قوشۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار پىرىئەننى بىر تاغقا ئەكىلىپ، توڭگۇزلار مانا بۇ ئۆڭكۈردە، دەپ كۆرسىتىپتۇ. پىرىئەن ئۇلارغا:

— مەن توڭگۇزلار بىلەن ئېلىشقاندا بىر نەرە تارتىمەن. بىرىنچى نەرەم چىقىپ، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى نەرەمنى ئاڭلىساڭلار توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرۈپتۇ، دەپ بىلىڭلار. بىرىنچى نەرەمنى ئاڭلاپ، ئىككىنچى نەرەمنى ئاڭلىمساڭلار مېنى توڭگۇز قولىدا ئۆلۈپتۇ، دەپ بىلىپ ئاتا-ئانامغا ئېيتىپ قويۇڭلار، ھەققىمدە دۇئا قىلىپ قويسۇن، — دەپ خوشلىشىپ تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە قەدەم قويۇپتۇ. بۇ ئۆڭكۈر بىخىلنىڭ كۆڭلىدەك قاراڭغۇ ئىكەن. پىرىئەن خەنجىرىنى تاشقا سۈرۈپ ئوت چىقىرىپ يول يورۇتۇپ بىر ئاش پىشىم يول يۈرۈپتۇ. ئاخىرى بىر كۈنگەيگە چىقىپتۇ. بۇ يەرنىڭ تۆت ئەتراپى پەلەك بىلەن باراۋەر تاغ ئىكەن. پىرىئەن بۇ يەردە بىر جۈپ توڭگۇزنىڭ ئۆزىنى كۈنگە قاقلاپ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. سەپسېلىپ قارىسا، بۇ توڭگۇزنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقى يەتتە گەز كېلىدىكەن. پىرىئەن بۇنى كۆرۈپ، ئەي رەببىم، بۇ يىرتقۇچ مەخلۇقنى يەڭگىدەك كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغايسەن، دەپ توڭگۇز ئالدىغا بېرىپ نەرە تارتىپتۇ. بۇ نەرە ئاۋازىدىن توڭگۇزلار چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسا ئالدىدا بىر ئادەم تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ توڭگۇزلار چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، يەرنى تاتىلاپ يۈگۈرۈپ كېلىپ پىرىئەننى بېسىۋاپتۇ. پىرىئەن ئىككىنچى نەرە تارتىپتۇ-دە، مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە تومۇرلىرىدىكى كۈچ-قۇۋۋىتىنى بىلىكىگە يىغىپ توڭگۇزنىڭ بېشىغا ئۇرۇشقا باشلاپتۇ. پىرىئەننىڭ مۇشتلىرى توڭگۇزنىڭ كاللىسىغا جەينەكلىرىگىچە كىرىپ كېتىپتۇ. توڭگۇزنىڭ مېڭىسى ھەر تەرەپكە چاچراپ كېتىپتۇ. توڭگۇزلار يەر چىشلەپتۇ. بىرگە كەلگەن ھەمراھلار پىرىئەننىڭ ئۈچىنچى نەرە ئاۋازىنى ئاڭلاپ،

پىرئەن توگكوزلارنى ئۆلتۇرۇپتۇ، دەپ بىلىپتۇ. پىرئەن خۇداغا يۈزمىڭ شۈكرىلەر كەلتۇرۇپ، خەنجىرنى غىلابتىن سۇغۇرۇپ توگكوزلارنىڭ چىشلىرىنى كېسۋاپتۇ. بىرگە كەلگەن ھەمراھلار بۇ ئىشنى ئالدىن بىرىپ كەركىن مىلاتقا خەۋەر قىلىپتۇ. پىرئەنىنىڭ باتۇرلىقىغا قاراپ كەركىن مىلات پىرئەنىنى كۇسەن شاھىغا تۇتۇپ بىرىش ئۈيىغا كېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىگە بىر شۇملۇقنى پۈكۈپ پىرئەنگە:

— سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن بىر تاغنى ئالتۇن قىلىپ بەرسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ، بىر ئاخشام بولسىمۇ بىزنىڭ كۇلبىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلسىڭىز، كۆڭلىمىزنى خۇش قىلساق، — دەپتۇ. پىرئەن كەركىن مىلاتنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ لەشكەرلىرىگە، مۇشۇ جايدا تۇرۇپ تۇرۇڭلار، دەپ تاپىلاپ قويۇپ كەركىن مىلات بىلەن شەھەرگە كىرىپتۇ. كەركىن مىلات پىرئەنگە كاتتا زىياپەتلەر قىلىپ كۆڭلىنى ئاپتۇ. بىر كۇنى كەركىن مىلات پىرئەنگە ھاراق-شارابنى كۆپ ئىچكۈزۈپ شىركەيىپ قىلىپ قويۇپتۇ ۋە پىرئەنگە:

— ئەي پەھلىۋان يىگىت، كۇسەن شاھىنىڭ بىر قىزى بار. ساھىبجاماللىقتا يىگانە، ئۇنداق نازىنىن قىز دۇنياغا بىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى مەلىكە مەنشىرە بانۇ، ئۆزلىرىدەك پەھلىۋانغا لايىق ئىدى، لېكىن ئۇنى كۆرمەكمۇ تەس. ھازىر مەلىكىنىڭ كىپەكچى لىگەندىكى چارى باغقا چىققان كۇنلىرىدۇر، — دەپتۇ. كەركىن مىلات مەلىكە مەنشىرە بانۇنىڭ ياخشى تەرىپلىرىنى قىلىپ ماختاپ ئۈچۈرۈپتۇ. پىرئەن شىركەيىپ بولغاچقا مەلىكىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئاڭلاپ يۈرىكىگە ئوت تۇتىشىپتۇ-دە، كەركىن مىلاتقا:

— بۇ قىزنى بىر كۆرەي، — دەپتۇ.

كەركىن مىلات:

— بوپتۇ، بارساق بارىلى، ئەمما ئۇ يەرگە بىرىشقا ئىككى يول بار، بىر يولى ئون سەككىز كۇنلۈك، يەنە بىر يولى يەتتە كېچە-كۇندۇزدە بارغىلى بولۇر، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەركىن مىلات بىلەن پىرئەن بىرگە كەلگەن لەشكەرلىرىگە ئېيتمايلا يولغا چىقىپتۇ. يەتتە كېچە-كۇندۇز يول يۈرۈپ كۇسەنگە يېتىپ كېلىپتۇ. پىرئەن بىلەن كەركىن مىلات مىڭ ئۆينىڭ غەربىدىكى كىپەكچىدىكى چارى باققا كەپتۇ. ئىككىسى باغنىڭ سىرتىغا ئاتلىرىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ باغ ئىچىگە كىرىپ تۇرغان مەزگىلدە داقا-دۇمباقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەركىن مىلات:

— ئەي پىرئەن، دەرھال ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئالايلى، مەلىكە كەلگەن ئوخشايدۇ، — دەپ كۆلنىڭ بويىدىكى ئالما دەرىخىنىڭ شېخىغا چىقىۋاپتۇ. پىرئەن ئالما ئۈستىدە شاخقا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. كەركىن مىلات پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئالمىدىن چۈشۈپ ئېتىنى مىنىپ، پىرئەنىنىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ئۆز يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ. پىرئەن ئالمىنىڭ شېخىدا قاپتۇ.

كۇسەن شاھىنىڭ مەلىكىسى مەنشىرە

بانۇ باغدىكى راۋاقتا قىرىق كېنىزىكى بىلەن جايلىشىپ بولۇپ كېنىزىكىنى سۇغا بۇيرۇپتۇ. ئۇ كېنىزەك كۆلگە قارىسا كۆلنىڭ ئىچىدە كېلىشكەن بىر يىگىت تۇرغىدەك، مۇنداق يىگىتنى ئەسلا كۆرمىگەن بۇ كىنىزەك دەرھال راۋاقتا چىقىپ ئەھۋالنى مەلىكە مەنشىرە بانۇغا ئېيتىپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ كېنىزىكى بىلەن بېرىپ قارىسا راستىنلا بىر يىگىت كۆلنىڭ ئىچىدە تۇرغىدەك. بۇنداق بەرنا يىگىتنى ئەسلا كۆرمىگەن مەلىكە كېنىزەكلەرگە يىگىتنى كۆلدىن تۇتۇپ چىقىشقا ئەمر قىلىپتۇ. كېنىزەكلەر كۆلگە سەكرىشىپ چۈشۈپ ئاختۇرۇپتۇ، تاپالماپتۇ، يەنە ئاختۇرۇپتۇ، يەنە تاپالماپتۇ. كېنىزەكلەر سەپسىلىپ قارىسا سۇ لېيىسا يىگىت يوقاپ كەتكۈدەك، سۇ سۈزۈلسە پەيدا بولغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن كېنىزەكلەر شۇنداق ئۈستۈن قارىغانىكەن، ئالما شېخىدا ھېلقى يىگىت ئۇخلاپ تۇرغۇدەك. مەلىكە مەنشىرە بانۇ ئالما تۈۋىگە كېلىپ ئالمىنى ئېرغىتىپتۇ ۋە:

— ئەي يىگىت، ئادەممۇ سەن؟ كىمنىڭ نەسلى زاتىسەن؟ كۆزۈڭنى ئاچقىن! — دەپتۇ. پەرىئەن كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ئالدىدا بىر ساھىبجامال مەلىكە تۇرۇپتۇ. مەلىكە:

— ئەي يىگىت، نەدىن كەلدىڭ؟ بۇ چارى باغدا نېمە قىلىسەن، — دەپتۇ. پەرىئەن:

— مەن ئىران شاھى خسرونىڭ ۋەزىرىنىڭ ئوغلى كەيسۇ سالارنىڭ ئوغلى، رۇستەمنىڭ نەۋرىسى پەرىئەن بولىمەن. يەتتە يىل بولدى كۆسەن شاھىنىڭ مەلىكىسى مەنشىرە بانۇنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئاشىق بولغان ئىدىم، مەلىكىنىڭ پىراقىدا يۈرىكىم كاۋاپ ئىدى، بۈگۈنمۇ سىزنىڭ پىراقىڭىزدا يىغلاپ ئۇخلاپ قالغان ئىدىم، ھازىر قارىسام چۈشۈمدە سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەن، مۇبارەك جامالىڭىزنى كۆردۈم، ئاللانىڭ رەھمى كېلىپ مېنى بۇ جايغا كەلتۈرۈپ قويغان ئوخشايدۇ، — دەپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ:

— ئۇنداق بولسا، يەتتە يىلدىن بېرى چۈشۈڭدە ئاشىق بولغان، پىراقىمدا يىغلىغان مېھرىۋانىڭ مەن بولىمەن. ئەي پەرىئەن، ئالمىدىن چۈشكىن، مېنىڭ ئالەمدە يىگانە باغلىرىمنى تاماشا قىلىپ، پىراق ئوتىدا ئۆرتەنگەن يۈرەك پارىلىرىڭنى تەسكىن تاپتۇرغايسەن، — دەپتۇ.

مەلىكە مەنشىرە بانۇ پەرىئەننىڭ بويۇنلىرىغا گىرە سېلىپ راۋاق ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ھەر كۈنى تۈرلۈك تائاملار بىلەن مېھمان قىلىپتۇ، پەرىئەن بىلەن مەلىكە ئارمانلىرىغا يېتىپتۇ. نەغمىچىلەر، ھاپىزلار ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاپتۇ. پەرىئەن بىلەن مەلىكە ئىرمالىشىپ-چىرمالىشىپ كېچە بولغانىنى بىلمەي باغلارنى تاماشا قىلىشىپتۇ. پەرىئەن بىلەن مەلىكە مەنشىرە بانۇنىڭ ئەيشى-ئىشرەتلىرى قىرىق كۈنگە ئۇلىشىپتۇ. پەرىئەن مەلىكىگە:

— ئەي جىنىمنىڭ جانانىسى، يۈرىكىمنىڭ پارىسى، بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ئاتا-ئانام ئۇقمايدۇ. ئاتا-ئانام مېنىڭ دەردى

پىراقىمدا يىغلاپ يۈرەك باغرى پارە-پارە بولغاندۇر. ئەتە قايتىپ كېتىپ يەنە كەلسەم. قىرىق يىل تۇرساممۇ مۇبارەك جامالىڭىزغا ئەسلا قانمىغايمەن، شۇنداقتىمۇ ئاتا-ئانامنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلمىسام بولماس، — دەپتۇ.

مەلىكە مەنشىرە بانۇ خاس كېنىزەكلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ:

— پىرئەن ئەتە كېتىمەن، دەيدۇ، پىرئەندىن بىردەم ئايرىلسام چىدىيالمىغۇدەكمەن، شۇڭا پىرئەننى تۇتۇپ قېلىشنىڭ بىر چارىسىنى قىلايلى، — دەپتۇ.

كېنىزەكلەر مەسلىھەتلىشىپ مەلىكىگە:

— ئەي مەلىكە جاھان، بۈگۈن پىرئەننى مېھمان قىلىپ يىگەن كاۋاپ، ئىچكەن شاراپلىرىغا دارابھۇش قوشۇپ بېرەيلى. پىرئەن بىھۇش بولۇپ يىقىلغاندا پىرئەننى بۈگۈن كېچىدىلا كۆسەنگە ئېلىپ كېتەيلى، باغدىكى تاقى راۋاقتا ئورۇنلاشتۇرايلى، شۇ چاغدا پىرئەن ھېچ يەرگە بېرىشقا ئامالسىز قالار، — دەپتۇ.

بۇ سۆز مەلىكە مەنشىرەبانۇغا يېقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پىرئەننىڭ يىگەن كاۋاپ، ئىچكەن شاراپلىرىغا دارابھۇش ئىلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. پىرئەن كاۋاپنى يەپ، شاراپنى ئىچىپ بىر پەستە بىھۇش بولۇپ يىقىلىپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ ۋە ئۇنىڭ كېنىزەكلىرى پىرئەننى ھارۋىغا سېلىپ كۆسەن شەھىرىگە ئېلىپ كەپتۇ. پىرئەننى تاقى راۋاقتا ئورۇنلاشتۇرۇپ، راۋاقتا چىقىدىغان شوتىلارنى كېسىپ تاشلاپتۇ. پىرئەن بىر چۈشكۆرۈپ ھوشىغا كېلىپ قارىسا بىر راۋاق ئۈستىدە مەلىكە مەنشىرەبانۇنىڭ يېنىدا ياتقىدەك. ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا ئالدىدا شۇنداق كاتتا بىر شەھەر تۇرغىدەك. بۇ شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقىغا پىرئەننىڭ ئەقلى لال بولۇپ، مەلىكىدىن بۇ جاينى سورىغان ئىكەن، مەلىكە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— سىز كەتسىڭىز چىدىمايمەن، دەپ كۆسەن شەھرىگە ئەكىلىپ ئۆز راۋىقىمغا ئەچىقىپ ئالدىم. مەندىن رۇخسەتسىز ھېچقانداق ئادەم بۇ راۋاققا قەدەم باسمايدۇ. راۋاق ئۈستىدە ئەيشى-ئىشرەت بىلەن كۈنىمىز ئۆتسۇن.

ئۇلارنىڭ كۈنى راۋاق ئۈستىدە كۈندۈزى ئۇخلاپ، كېچىدە ئەيشى-ئىشرەت بىلەن ئۆتۈپتۇ.

ئەمدى سۆزنى كەركىن مىلاتتىن ئاڭلايلى. كەركىن مىلات بىر ئاتنى يېتىلەپ بىر ئاتنى مىنىپ، سەرساندەك ئۈچ كېچە كۈندۈز ئۇخلىماي، يىمەك-ئىچمەكنى ئات ئۈستىدە يەپ سەنبىزارى ھەرەمگە يېتىپ كەپتۇ. پىرئەننىڭ لەشكەرلىرى بىر نەچچە كۈن پىرئەندىن دېرەك ئالالماي ئەھۋالنى بىلىش ئۈچۈن كەركىن مىلاتنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— پىرئەن قەيەردە؟ بىز پىرئەن بىلەن كۆرۈشىمىز، — دەپتۇ.

كەركىن مىلات:

— بىز ئىككىمىز ئوۋغا چىققان ئىدۇق. ئالدىمىزدىن ئىككى توشقان چىقتى، مەن

بىر توشقانغا قارچۇغا سالدىم، پىرئەن يەنە بىر توشقانغا قارچۇغا سىلىپ ئات چىپىپ كەتتى، مىنىڭ قارچۇغام بىر توشقاننى ئالدى، توشقاننى بوغۇزلاپ، قارچۇغىنى بىلىكىمگە قوندۇرۇپ، پىرئەننى ئىزدەپ بارسام پىرئەننىڭ ئېتىنىڭ ئىگىرى ئاتىنىڭ قارنىدا تۇرۇپتۇ، پىرئەن يوق. بىر نەچچە كۈن ئىزدەپ تاپالماي قايتىپ كەلدىم، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن پىرئەننىڭ لەشكەرلىرى:

— سەن پىرئەننى قەستلەپسەن، — دەپ كەركىن مىلاتنى باغلاپ خىسرو ھۇزۇرغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

پىرئەننىڭ ئاتىسى كەيۇسالار، ئانىسى كەرشەش بانۇ پىرئەننى سېغىنىپ كۆپ يىغلاپ يولغا چىقىپ قاراپ تۇرغان ئىكەن، يىراقتىن چاڭ-تۇزاڭ كۆتۈرۈلۈپتۇ. پىرئەن باشلاپ كەتكەن ئون ئىككى مىڭ لەشكەر كۆرۈنۈپتۇ. لەشكەرلەر ئۇلارغا يېقىن كەپتۇ، قارىسا بىر ئادەمنىڭ قولى باغلانغان، لەشكەرلەر قارىلىق كىيىم كەيگەن ئىكەن. كەرشەش بانۇ ئۇلاردىن نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپتۇ.

— پىرئەن بارغان كۈنى توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. بۇ كەركىن مىلات پىرئەننى چايغا تەكلىپ قىلىپ شەھەرگە ئەكىرىپ كەتكەن ئىدى، پىرئەن شەھەر-دىن چىقمىدى. پىرئەننى سۈرۈشتۈرۈپ سورىساق، كەركىن مىلات «ئۇۋغا چىققاندا پىرئەن قارچۇغىسىنى توشقانغا سالغان، ئارقىدىن بارسام ئىگەر ئات قارنىدا تۇرۇپتۇ، ئۆزى يوق، تاپالمىدىم» دەيدۇ. بۇنى باغلاپ ئېلىپ كەلدۇق، — دەپتۇ لەشكەرلەردىن بىرى. كەيۇسالار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ زىروزىبەر بولۇپ:

— ئەي كەركىن، توڭگۇزلارنى كىم ئۆلتۈردى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توڭگۇزلارنى مەن ئۆلتۈردۈم، پىرئەن-نىڭ كۈچى يەتمىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كەركىن مىلات.

كەيۇسالار كەركىن مىلاتنى خىسرو ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. شاھ خىسرو:

— ئەي كەركىن مىلات، توڭگۇزلارنى كىم ئۆلتۈردى؟ — دەپ سوراپتۇ. كەركىن مىلات:

— توڭگۇزلارنى مەن ئۆلتۈردۈم، — دەپتۇ.

— توڭگۇزلارنى سەن ئۆلتۈرگەن بولساڭ ئۇنىڭ چىشىنى چىقار، — دەپتۇ شاھ خىسرو.

كەركىن مىلات پىرئەننىڭ قېپىنى قولىغا ئېلىپ شۇنچە قىلىپمۇ ئاغزىنى ئاچال-ماپتۇ. ئەسلىدە قاپنىڭ ئاغزىغا پىرئەن شەيتان قۇلۇپنى سىلىپ قويغان ئىكەن. بۇ قۇلۇپنى ئاتىسى كەيۇسالار بىلەن پىرئەندىن ئۆزگە كىشى ئاچالمايدىكەن. كەركىن. مىلات قۇلۇپنى ئاچالماي لەت بولۇپتۇ.

شاھ خىسرو بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتمەك ئۈچۈن كەركىن مىلاتنى ئۆلتۈرمەي زىندانغا تاشلاشقا بۇيرۇپتۇ.

— ئەي كەيۇ، يۈرىكىڭىزگە سەۋرىنىڭ سۈيى بىلەن تەسكىن بەرگەيسىز، پىرئەننى

تاپقايمىز، سەۋرى قىلىڭ، — دەپ شاھ خىسرو كەيىنۇ سالارغا تەسەللى بىرىپتۇ. ئەمدى گەپنى پىرئەندىن ئىشتكەيسىز.

پىرئەن كۇسەن شەھىرىدە كۇندۇزى ئۇخلاپ، كېچىدە مەلىكە مەنشىرە بانۇ بىلەن ئەيش-ئىشرەتتە كۈننى ئۆتكۈزمەكتە ئىكەن. بىر كۈنى مەلىكە ئاشپەزنى كاۋاپنى خام پىشىرىپسەن، دەپ قىرىق قامچا ئۇرۇپتۇ. بۇ ئاشپەز قازان قومۇچلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ كۇچىغا چىقىپتۇ. تاياق ھارىك-لىپتۇ-دە، ئۇردا ئالدىغا كىلىپ ياساۋۇللارغا:

— ئەي ياساۋۇللار، ۋەزىر ھومانى چاقىرىپ قويساڭلار، بىر كۆرۈشىدىغان زۇرۇر ئىشىم بار ئىدى، — دەپتۇ.

ياساۋۇللار بۇ ئاشپەزنى تونۇيدىكەن. دەرھال كىرىپ ۋەزىر ھوماغا خەۋەر قىلىپتۇ. ۋەزىر چىقىپ ئاشپەز بىلەن مەخپى سۆزلىشىپتۇ. شاھنىڭ مەلىكىسى رۇستەمنىڭ نەۋرىسى پىرئەن بىلەن راۋاق ئۈستىدە ئەيشى-ئىشرەتتە بولىۋاتقىلى ئالتە ئاي بولدى، دەپ ئاشپەز ھەممە ئەھۋالنى ۋەزىرگە ئاشكارىلاپتۇ.

ۋەزىر شاھى كۇسەن ھوزۇرىغا كىرىپ تەھىيەتكە باش قويۇپ:

— ئەي شاھىم، بىر خەۋەر بار، ئېيتاي دېسەم ئۆزلىرىدىن شەرمە قىلىمەن، ئېيتماي دېسەم بىشىمدىن قورقىمەن، — دەپتۇ.

شاھى كۇسەن:

— ھەر ئىش بولسا ئېيتىڭ، — دەپتۇ.

— ئەي شاھىم، مەلىكە مەنشىرە بانۇ رۇستەمنىڭ نەۋرىسى پىرئەننى راۋاق ئۈستىدە خۇپىيانە ساقلاۋاتقىلى ئالتە ئاي بولۇپتۇ. قانداق پەرمانلىرى باردۇر؟ — دەپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۇسەن شاھىنىڭ غەزىپى تېشىپ، بەدەنلىرىدىكى تۈكلىرى كىيىملىرىدىن تېشىپ چىقىپتۇ ۋە:

— پەھلىۋانلار دەرھال تۇتۇپ چىقسۇن ئۇ نائەھلىنى، — دەپ پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

— بۇ ئىشقا ئالدىراقسانلىق قىلساق بولماس، — دەپ سۆزنى باشلاپتۇ شاھى كۇسەننىڭ ۋەزىرى، — پىرئەن ئىراندا رۇستەمدىن قالسا بىسيار پەھلىۋاندۇر. بۇ ئىشقا شاھزادە گەر سۆزنى بۇيرۇيلى، ئۇ راۋاق ئۈستىگە چىقسا ھىچكىم توسيالمايدۇ. پىرئەن بىلەن قوچاقلىشىپ كۆرۈشكەن بولۇپ، بىلىدىن مەھكەم تۇتۇپ قويۇپ بەرمەي تۇرسا، ئارقىدىن پەھلىۋانلار چىقىپ پىرئەننى زەنجىرلىسە، — دەپتۇ.

شاھى كۇسەن ۋەزىر ھومانىڭ سۆزىنى ئۇرۇنلۇق كۆرۈپ گەر سۆزنى چاقىرىپ ئەھۋالنى ئۇچۇق ئۇقتۇرۇپ پىرئەن-نى تۇتۇش ئۈچۈن راۋاققا بۇيرۇپتۇ.

گەر سۆز راۋاق ئۈستىگە چىقىپتۇ. بۇ چاغدا مەلىكە بىلەن پىرئەن بىر بىرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىشىپ يېتىشقان ئىكەن. مەلىكە ئاكىسى گەر سۆزنىڭ راۋاققا چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ پىرئەننىڭ قوچىقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

مەلىكە:

— بۇ مېنىڭ ئاكام گەر سۆزدۇر، —

دەپ پىرئەنگە ئاكسنى تونۇشتۇرۇپتۇ.

پىرئەن:

— مەن بىلمەيتمەن، — دەپ گەر سۆز بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ قۇچاقلاشقاندا گەر سۆز پىرئەننىڭ بېلىدىن مەھكەم سىقۋاپتۇ. پىرئەن شۇ چاغدا گەر سۆزنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشقا كەلگەنلىكىنى بىلىپ، گەر سۆزنىڭ بېلىنى قاتتىق سىقىپ، ھەر تەرەپتىن ئىككى تالدىن تۆت تال قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇپ ئىچىگە پۈكۈۋەتسىمۇ گەر سۆز پىرئەننى قويۇپ بەرمەپتۇ. شۇ ھالەتتە پەھلىۋانلار كېلىپ پىرئەننى يىقىتىپ زەنجىرى خىزلام بىلەن باغلاپ، شاھى كۇسەن ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

— ئەي پىرئەن، — دەپتۇ شاھى كۇسەن، — سەن ئوتتۇز ئالتە ئەلنىڭ بەۋرى شىرلىرىدىن قورقماي شەھىرى كۇسەنگە بىئەدەپ قەدەم قويۇشقا قانداق پېتىندىڭ!؟

— ئەي شاھى كۇسەن، سەن مېنى ھىيلە بىلەن تۇتتۇڭ، ئەر بولساڭ مېنى قويۇپ بېرىپ باغلا، ھازىرمۇ ئۆزۈمنى شىرى زامان چاغلايمەن، — دەپتۇ پىرئەن.

شاھى كۇسەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپ ئاتەشلىرى چۇمبۇشقا كېلىپ «جاللات!!!» - دەپ چاقىرىپتۇ. شۇ زامان جاللاتلار:

— ئەي شاھىم، كىمنىڭ ئەجەل مۆھلىتى توشتى؟ — دەپ تەق بولۇپ تۇرۇپتۇ.

— بۇ بىئەدەپنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار! — دەپ بۇيرۇپتۇ شاھى كۇسەن.

جاللاتلار پىرئەننى ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇ چاغدا ۋەزىر ھوما كىرىپ كەپتۇ. ۋەزىر ھوما جاللاتلارغا، پىرئەننى مۇشۇ جايىدىن مىدراتماي تۇتۇپ تۇرۇڭلار، مەن شاھ ھوزۇرىغا كىرىپلا چىققايمەن، دەپ پىرئەننى توختىتىپ قويۇپ شاھى كۇسەن ھوزۇرىغا كىرىپ:

— ئەي شاھىم، پىرئەننى ئۆلتۈرسەڭ بۇ خەۋەرنى رۇستەم ئاڭلىسا لەشكەر باشلاپ كېلىدۇ، بىزدىن پىرئەننىڭ قان قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇشىدۇ. مۇبادا ئۇرۇشتا ئۇلار ئۈستۈن چىقىپ قالسا بىزنىڭ بالا-چاقىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرىدۇ. مېنىڭچە، پىرئەننى زىندانغا سالساق، بىر يىلدىن كېيىن ئۆلتۈرسەڭ، — دەپ شاھقا مەسلىھەت ساپتۇ.

شاھى كۇسەن ھومانىڭ مەسلىھەتىنى توغرا كۆرۈپ پىرئەننى زەنجىرى خىزلام بىلەن قېتىپ زىندانغا تاشلاپتۇ. پىرئەننىڭ ئېگىزلىكىدىن بېشى زىنداننىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زىندان ئەتراپىنى تورلاپ زىندان ئاغزىغا ناھايىتى چوڭ قورام تاشنى باستۇرۇپتۇ. شاھى كۇسەن قىزى مەنشىرە بانۇنى، ياۋنى قوينۇڭدا ساقلاپسەن، دەپ ئىككى كۆزىگە زەھەر قويۇپ كور قىلىپ ئوردىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ كۇسەن شەھىرىدە تىلەمچىلىك قىلىپ تاپقان نەرسىسىدە پىرئەننى بېقىپتۇ. كېچىلىرى زىندان ئۈستىنى سىلىنچە، ئاسماننى يېپىنچە قىلىپ يېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بىر يېرىم يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

پەرىئەنىنىڭ ئاتىسى كەيسۇسالار، ئانىسى كەرشەش بانۇ پەرىئەنى سېغىنىپ قولىغا ھاسا ئېلىپ ئوغلىنىڭ دەردىدە نالە قىلىشىپتۇ. شاھ خىسرونىڭ قېشىغا كىرىپتۇ. شاھ خىسرو، جاھان ئەينىكىگە قاراپ پەرىئەنىنىڭ بار يېرىنى ئەتە سىلەرگە مەلۇم قىلغايمەن، دەپتۇ. شۇ كېچە شاھ خىسرو جاھان ئەينىكىدىن ھەر بىر ئىقلىم، ھەر بىر مەملىكەتلەرگە قاراپتۇ. ئاخىرى شاھى كۈسەن مەملىكەتلىرىگە قاراپتۇ. پەرىئەنىنىڭ كۈسەن شاھىنىڭ زىندانىدا ياتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بىر تېرە-بىر سۆڭەك بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن خىسرۇ شاھ كەيسۇ سالارنى چاقىرتىپ پەرىئەنىنىڭ ئەھۋالىنى دەپ بېرىپتۇ. كەيسۇسالار زال ۋە رۇستەم بىلەن كۆرۈشۈپ پەرىئەنىنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپتۇ. رۇستەمنىڭ قەھرى-غەزىپى ئېشىپ، ئۇن ئىككى مىڭ پەھلىۋانغا كۈسەنگە يۈرۈش قىلىشقا پەرمان قىلىپتۇ. رۇستەمنىڭ ئاتىسى زال:

— ئەي بالام رۇستەم، سەن كۈسەنگە مۇشۇنداق بارساڭ كۈسەن شاھى ساڭا قارىتىپ تۇرۇپ پەرىئەنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدۇ، سەن سودىگەر سىياقىدا بېرىپ ھىلە بىلەن پەرىئەنى قۇتقۇزالايسەن، — دەپتۇ.

رۇستەم ئاتىسى زالنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئوتتۇز ئۈچ مىڭ ئادەم تەييارلاپ مال-ماتا ئېلىپ، ئىسمىنى خوجا خونىرىز سودىگەرگە ئۆزگەرتىپ، ئىككى ئاي يول يۈرۈپ كۈسەن شەھرىگە يېتىپ كەپتۇ.

كاتتا بىر سودىگەرنىڭ ھەددى ھېسابسىز مال بىلەن شەھەر قوۋۇقىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۈسەن شاھى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. شاھنىڭ ياساۋۇللىرى خوجا خونىرىز بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. خوجا خونىرىز، كۈسەن شاھى شەھرىگە كىرىپ مال سېتىشىمغا ئىجازەت بەرسە، دەپتۇ. بۇ خەۋەرنى ياساۋۇللار شاھى كۈسەنگە مەلۇم قىلىپتۇ. شاھى كۈسەن شەھەرنىڭ ئوبدانلىقى سودىگەر بىلەن بولىدۇ، شەھەرگە كىرسۇن، دەپ سودىگەرلەرنىڭ شەھەرگە كىرىشىگە ئىجازەت بېرىپتۇ.

رۇستەم شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ بولۇپ شاھى كۈسەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپتۇ. ئۇ كۈنى شاھى كۈسەن مىڭ ئۆي ۋادىسىدا سەيلە قىلىۋاتقان ئىكەن. سودىگەر سىياقىدىكى رۇستەم سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ مىڭ ئۆيگە كېلىپتۇ شاھى كۈسەن رۇستەمنى قوبۇل قىلىپتۇ ۋە رۇستەم ئۇچۇن كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. شاھى كۈسەن شاراپ ئىچىپ مەس بولۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا شاھى كۈسەننىڭ دەرياغا قاراپ ئولتۇرۇشقا ئورناتقان تۆمۈر تۈۋرىكى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ. شاھى كۈسەن دەرياغا بېشىچە چۈشمەكچى بولغاندا رۇستەم كۈسەن شاھىنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ بىر تەرەپكە ئېلىپ قويۇپ خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. شاھى كۈسەن ئەتىسى مەستلىكتىن تۈزۈلۈپ، مېنى زالنىڭ ئوغلى رۇستەمدىن بىلەك ئادەم يەردىن ئۈزەلمەيتتى، سودىگەر مېنى كۆتۈرۈپ بۇ تەرەپكە ئېلىپ

قويدى، بۇ سودىگەر ئەسلى زالىنىڭ ئوغلى رۇستەممۇ قانداق؟ دېگەنلەر كۆڭلىدىن كېچىپ ۋەزىرى هوماغا:

— ئەي هوما، تۆنۈگۈن خوجا خونىرىز دېگەن سودىگەر مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەپتىكەن. تۆت يۈز يىلدىن بىرى مىدىرلىمىغان تۇۋرۇك ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتتى، دەرياغا بېشىمچە ئۆگىتۇرۇلۇپ كېتىۋاتقىنىمدا خونىرىز دېگەن سودىگەر پۇتۇمدىن تۇتۇپ تارتىپ بىر تەرەپكە ئېلىپ قويدى. بۇ سودىگەردە بىر گەپ بار، — دەپ ۋەزىر هومانى ئەهۋالنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ۋەزىر هوما ئەتىسى ئوردىدىن چىقىپ خوجا خونىرىزنىڭ چۈشكەن سارىيىغا بارسا خوجا خونىرىز بىر ئوغلاقنى ئۆلتۈرۈپ، قان تۆكۈرۈپ ئولتۇرۇپتۇ. هوما ۋەزىر سىنچىلاپ قارىغان بولسىمۇ رۇستەمنى تونىيالماپتۇ. چۈنكى رۇستەم ساقال-بۇرۇتلىرىنى چۈشۈرۈپ، يۈزىنى قارا رەڭدە بويىغان ئىكەن.

— ئەي ۋەزىر ئەزەم، ئەتە دوكان ئېچىشقا رۇخسەت قىلساڭلار، دۇكان ئېچىپ مال ساتسام، — دەپتۇ رۇستەم. ۋەزىر ئۇنىڭ مال سېتىشىغا رۇخسەت قىلىپتۇ.

ئەتىسى رۇستەم دۇكان ئېچىپ مال سېتىشقا باشلاپتۇ. رۇستەم دۇكانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىلىگەنلەرگە بىر ئۇلۇشتىن تىللا بېرىپتۇ. بىر سائىل مەلىكە مەنىشرە بانۇغا:

— ئەي مەلىكە، ئىراندىن بىر سودىگەر كېلىپتۇ، بېرىپ تىلىگەن سائىللارغا بىر ئۇلۇشتىن تىللا بېرىدىكەن، — دەپتۇ. مەلىكە:

— سەن مېنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويساڭ، — دەپتۇ.

بۇ سائىل ماقۇل كۆرۈپ مەلىكىنى رۇستەم ئاچقان دۇكانىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويۇپتۇ. مەلىكە دۇكان ئالدىدا تۇرۇپ تىلەپتۇ، رۇستەم قارىسا شۇنداق ياخشى كىيىنگەن مەلىكە سۈپەت بىر قىز تىلەپ تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن رۇستەم خىزمەتكارلىرىغا، بۇ قىزنى مېنىڭ خاس ئۆيۈمگە ئېلىپ كېلىڭلار، دەپتۇ. خىزمەتكارلار مەلىكە مەنىشرە بانۇنى رۇستەمنىڭ خاس ئۆيىگە ئەكىرىپ قويۇپتۇ. رۇستەم مەلىكە مەنىشرە بانۇنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— سىز شۇنچە ياش تۇرۇپ قانداق قىلىپ ئىككى كۆزىڭىز كور بولۇپ قالدى؟ — دەپ سوراپتۇ. مەلىكىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپتۇ ۋە:

— ئەي سودىگەر، سىز نەدىن بولىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئىراننىڭ سەستان دېگەن يېرىدىن بولىمەن، — دەپتۇ رۇستەم.

— رۇستەمنى بىلەمسىز؟ — دەپتۇ مەلىكە.

— رۇستەم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۆيى يېقىن، كۈندە بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشىمىز، — دەپتۇ رۇستەم. مەلىكە:

— ئەي سودىگەر، ئىراندىكى رۇستەمگە يەتكۈزۈپ قويىدىغان بىر ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى. سىز هەر دىن-هەر مەزهەپتە بولۇڭ ئۆزىڭىزنىڭ دىنى ئۈستىدە قەسەم قىلسىڭىز بۇ سۆزۈمنى دەيمەن، — دەپتۇ. رۇستەم:

— سۆزىڭىز بولسا ئېيتىڭ، مەن

رۇستەمگە يەتكۈزگەيمەن، — دەپ قەسەم قىلىپتۇ.

— ئەي سودىگەر، رۇستەمنىڭ نەۋرىسى پەرىئەن كۈسەنگە كەلگەن ئىكەن، بىز ئىككىمىز تېپىشىپ قالدۇق. پەرىئەننى يېنىمدا ئالتە ئاي ساقلىدىم، دۈشمەنلەر ئاتام شاھى كۈسەنگە مەلۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن پەرىئەننى زىنداغا تاشلىدى، مېنىڭ ئىككى كۆزۈمنى كور قىلىپ ئوردىدىن قوغلاپ چىقاردى. بىر يېرىم يىل بولدى پەرىئەننى نان تىلەپ بېقىۋاتىمەن. ھازىر پەرىئەن بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدى. ئەي سودىگەر، سىز بېرىپ رۇستەمگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، قىرىق كۈن ئىچىدە پەرىئەننى ئاجرىتىپ ئالمىسا دىدار قىيامەتكە باقى قالىدۇ، — دەپ مەلىكە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

رۇستەم كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى تۆكۈپ مەلىكىگە:

— ئەي قىزىم، سىز دېگەن رۇستەم مەن بولىمەن، پەرىئەننى قۇتقۇزۇپ ئىككىڭلارنى ئېلىپ كېتىشكە كەلدىم. ئەي باللىرىم، ئەمدى غەم كۈنڭلار شاتلىققا ئايلىنىدۇ. سىلەرنى ئىراغا ئېلىپ كېتىمەن. ياخشى تاماق يەپ تويىنىڭ ئاندىن كېيىن ئىش باشلىغايمىز، — دەپتۇ. مەلىكە:

— پەرىئەن ئاچ تۇرسا مېنىڭ گېلىمدىن تاماق ئۆتمەيدۇ. ئالدى بىلەن پەرىئەنگە تاماق ئاپىرىپ بېرەي، بىر يېرىم يىلدىن بېرى تويغىچە تاماق يېمىدى، — دەپتۇ.

رۇستەم دەرھال بىر غازنىڭ كاۋاپىنى تەييارلاپ غازنىڭ ئىچىگە ئۆزىنىڭ ئۈزۈكىنى تىقىپ قويۇپتۇ. ئون دانە ئىسسىق ناننى داستىرخانغا يۆگەپ، مەلىكىنىڭ ئىككى يانچۇقىغا تىللا قويۇپ تۇشقۇزۇپ:

— ئەي قىزىم، كوچىدىن ئىككى ئىشەك ئوتۇن ئېلىپ زىندان بويىغا ئوت قالاپ ئولتۇرغايسىز، بىز يېرىم كېچىدىن كېيىن ئوت شولىسىدىن زىندانىنى تېپىپ پەرىئەننى قۇتقازغايمىز، — دەپ كاۋاپ، نانلارنى خىزمەتچىلىرىگە كۆتەرتىپ مەلىكىنىڭ ئارقىسىغا سېپتۇ.

مەلىكە بىر تىللاغا ئىككى ئىشەك ئوتۇن ئېلىپ زىندان بويىغا ئاپىرىپتۇ. مەلىكە كاۋاپ، ئىسسىق نانلارنى زىندانغا تاشلاپتۇ. پەرىئەن نان بىلەن كاۋاپنىڭ ھىدىنى ئېلىپ مەلىكىگە:

— نەچچە ۋاقتتىن بېرى سەن ماڭا قاتتىق نان ئەكىلەتتىڭ، بۈگۈن بۇ كاۋاپ، نانلارنى نومۇسۇڭنى سېتىپ تاپتىڭمۇ؟ — دەپ زار-زار قاقشاپتۇ.

مەلىكە پەرىئەنگە بولغان ئەھۋالنى بايان قىلىپتۇ. پەرىئەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قول-پۇتلىرىدىكى زەنجىرلەرنى پارە-پارە قىلىپتۇ. غاز كاۋاپىنى قولغا ئېلىپ قارىسا دادىسىنىڭ «رۇستەم ئىبنى زال» دېگەن ئۈزۈكى تۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ پەرىئەننىڭ زىنداندىن قۇتۇلۇشقا تاقىتى-تاق بولۇپتۇ. كۈن ئولتۇرۇپ جاھان قارا لىباسىنى كىيگەندىن كېيىن رۇستەم ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى مەلىكە ياققان گۈلخاننىڭ شولىسىنى كۆرۈپ زىندان بويىغا يېتىپ كېلىپتۇ. رۇستەم بىللە كەلگەن ئادەملىرىگە:

— مەن يول توسۇپ تۇراي، سىلەر زىندان ئاغزىدىكى تاشنى ئېلىپ پىرئەننى زىنداندىن ئېلىڭلار. شاھى كوسەن مۇبادا بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان بولسا ئارقىمىزدىن كېلىپ بىزنى نابۇت قىلىدۇ، كوسەن شاھىغا مەندىن بىلەك ئادەم باراۋەر تۇرالماس، شۇڭا سىزلەر تېز بۇ ئىشنى بىجا قىلىڭلار، — دەپتۇ.

ئوتتۇز ئۈچ مىڭ ئادەم شۇنچە كۈچەپمۇ زىندان ئاغزىدىكى تاشنى مىدىرلىتالماپتۇ. ئاخىرى رۇستەمگە مەلۇم قىلىپتۇ. رۇستەم ئات يۈگۈرتۈپ كېلىپ، پولات ئۆتۈك بىلەن تاشنى شۇنداق بىر تەپكەن ئىكەن، زىندان ئاغزىدىكى تاش ئىككى پارە بولۇپ بىر پارچىسى كوسەن دۆلەت مەلىكە، يەنە بىر پارچىسى بىجاققا چۈشۈپتۇ. بۇ تاشلارنىڭ يەرگە چۈشكەن ئاۋازىدىن كوسەن شاھى ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. چاپارمەن بۇيرۇپ ئىشتىن خەۋەر تېپىپتۇ. رۇستەم پىرئەنگە:

— ئەي بالام پىرئەن، ئىرانغا بارساڭ كەركىن مىلاتنى نېمە قىلۇرسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىرانغا بارسام كەركىن مىلاتنى بىر قىلىچ بىلەن ئىككى پارە قىلۇرمەن، — دەپتۇ پىرئەن. رۇستەم:

— ئەي بالام، سەن زىنداندا قالغىن، مەن كېتىمەن، — دەپتۇ رۇستەم.

— نېمە ئۈچۈن مېنى تاشلاپ كېتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ پىرئەن.

— كەركىن مىلاتنى ئۆلتۈرىمەن دەيسەن بالام، ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلماق ھەممە ئادەمنىڭ ئىشى، يامانلىققا ياخشىلىق قىلماق مەردلەرنىڭ ئىشى. شۇنىڭ ئۈچۈن سېنى تاشلاپ كېتىمەن، — دەپتۇ رۇستەم. پىرئەن قىلغان سۆزىگە پۇشايمان قىلىپتۇ ۋە كەركىن مىلاتنىڭ يۈزىگە سالماسلىققا ۋەدە قىلىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن رۇستەم پىرئەننى زىنداندىن تارتىۋېلىپ، دەرھال پىرئەن بىلەن مەلىكىنى ئون ئىككى مىڭ ئادەم بىلەن ئىرانغا يولغا ساپتۇ. ئۆزى ئارقىدا مېڭىپتۇ. شاھى كوسەن بىھېساب لەشكەر بىلەن قوغلاپ كېلىپ قىرىق كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلىپتۇ. رۇستەم ئارقىغا چېكىنىپ يانا-يانا ئاخىرى شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ. رۇستەمنى شاھى كوسەن يېڭىپ ئۆلتۈرىدىغان چېغىدا رۇستەمنىڭ ئوغلى ئىبىل غېيىپ رۇستەمنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. پىرئەن يەتتە يىل كۆھقاپ ئەتراپىدا يۈرۈپ شىپا بولىقنىڭ كۆيىكىنى ئەپچىقىپ مەلىكىنىڭ كۆزىگە سۈۋاپتىكەن، مەلىكىنىڭ كۆزى يورۇپ ئەسلىگە كەپتۇ. مەلىكە مەنشىرە بانۇ پىرئەن بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىجىل ئىناق بولۇپ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **ئەمەت ئاخۇن**

توپلىغۇچى: **رابىيەم ئەمەت** (توقسۇ ناھىيىلىك تەمنات سودا كوپراتىپىدىن)

مۇھەررىرى: **مۇختار مۇھەممەت**

# ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدىكى شامانىزم مەدەنىيىتى

جوڭ جىنۋېن

ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇلار دوناي دەرياسى بويىغا كۆچۈپ كېلىشتىن بۇرۇنلا شەرقلىقلەرنىڭ دىنىغا ئائىت تېمىلا بۇ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ چۆچەك-ھېكايىلىرىدە كۆرۈلگەنىدى. كېيىن ۋېنگىرلار خرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلغان، خەلق رىۋايەتلىرىدە خرىستىيان دىنى دەۋرىدىكى بېيىت-قوشاقلار، غەزەلخانلارنىڭ ناخشا تېكىستلىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەسىرلەر داۋامىدا كىشىلەر ئېغىزىدىن توپلانغان ۋە رەتلەنگەن ۋېنگىر خەلق ئەدەبىياتىدا شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى گەۋدىلىك ھالدا ساقلىنىپ قالغان، بۇ ھال ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرىنى — تىپىك ياۋروپا-ئاسىيا خۇسۇسىيەتلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. مەن بۇ ماقالامدا ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدە ساقلىنىپ قالغان شامان دىنى مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى مۇلاھىزە قىلىش بىلەن بىللە شەرق ۋە غەرب مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنىڭ تارىخى ئەھۋالى ھەققىدە توختالماقچىمەن.

## I

ھەممىگە مەلۇمكى بۈركۈت شامانىنىڭ سىمۋولى. ئۇنى كۆرۈش شامان ئىلاھىنى كۆرگەنگە باراۋەر. بۈركۈت شامان دىنىنىڭ مۇقەددەس جەمەتىدە ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتكە ئىگە خاسىيەتلىك ھايۋان. مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئەجدادلىرى بۈركۈتكە ئوخشاش قۇشلارنى كۆرسە ئالدى بىلەن بۇ قۇشلار شامانىنىڭ نامايەندىسى، شامانىنىڭ مۇقەددەس قۇشى دەپ تونۇيتتى. نۇرغۇن رىۋايەتلەردە بۈركۈت تەڭرىنىڭ مۇقەددەس قۇشلىرىنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. يەنە كېلىپ بۈركۈت ئىنسانلار بىلەن تەڭرى ۋە ئىلاھلار ئارىسىدا ئەلچى بولۇشتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، دەل مۇشۇ بۈركۈت ئوبرازى ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدە مۇھىم ئورۇن تۇتقان ھەمدە روشەن ساقلىنىپ قالغان. «مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقنى ئىزدەش» ناملىق چۆچەكتە شاھزادە مۇنداق دەيدۇ: «كۆڭلۈمگە ئازار بېرىدىغانلار ئىنسانلاردۇر، ھەتتا پادىشاھمۇ ئاقىۋەت ئەزرائىلنىڭ ئېبلىس چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مەن شۇنداق بىر يەرنى تېپىشقا ئىنتىزارمەنكى، ئۇ يەردە ئەزرائىل كۈچ-قۇدرىتىنى يوقاتقان بولسا» شاھزادىنىڭ دەرت-ئازابىدىن ئۆلۈمگە نىسبەتەن

كىشىلەردە پەيدا بولۇۋاتقان قارشىلىقنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ۋېنگىر ئەجدادلىرىنىڭ ئوي-خىيالىدا بۇ خىل قارشىلىقنىڭ ئىشقا ئېشىشى ئۈچۈن بۆركۈتنىڭ ئىلاھى كۈچىنىڭ يارىمى بولۇشى كېرەك. ئۇلار مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقنى ئىزدەپ ئۆز پادىشاھلىقىدىن يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن ئاسمان-پەلەك دەرەختىنى، بىر بۆركۈتنىڭ دەرەخ ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىدۇ. شاھزادە دەرەخكە يېقىن كەلگەندە بۆركۈت شاھزادىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ پادىشاھقا ئايلىنىدۇ. بۆركۈت شاھزادىگە: «تەڭرى ماڭا ۋە پۇقرالىرىمغا مەڭگۈ ياشاشنى بەخش ئەتتى» دەيدۇ. شاھزادە بۆركۈت پادىشاھنىڭ ياردىمىدە مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقنى تاپىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تاپقىنى مەڭگۈلۈك پادىشاھلىققا بارىدىغان «پەلەك شوتىسى» دىن ئىبارەت. ئىلگىرىكى كىشىلەر كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن ئەركەك بۆركۈتنىڭ بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرەلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆكتە ئىلاھقا ئىگىز تاغدىن، ئىگىز دەرەختىنمۇ يېقىنلىقىنى كۆرگەن. بۆركۈت ئىگىز ئۇچۇپ بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىشكە قادىر بولۇپلا قالماستىن، ئىگىز ھاۋا بوشلۇقىدىن شۇڭغۇپ پەسكە چۈشكەندە بەجايىكى ئىلاھى قۇشتەك كۆرۈنۈپ كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. شۇڭلاشقا ۋېنگىر ئەجدادلىرىنىڭ ئېڭىدا بۆركۈتنىڭ كۈچ-قۇدرىتى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، بۇ خىل ھالقىپ كېتىش ئىلاھى قۇشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شامان دىنى دەل بۆركۈت توغرىسىدىكى مۇشۇ مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىن پايدىلىنىپ ئىنسانلار دۇنياسى بىلەن ئىلاھلار دۇنياسىنى تۇتاشتۇرغان. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن چۆچەكتىكى بۆركۈت پادىشاھ گەرچە ئىلاھ ئاتا قىلغان ئۆلمەس قىسمەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما بۆركۈت پادىشاھ بۇ خىل قىسمەتتىن بەھرىمەن بولالمايدۇ، ئەمما كىشىلەر دەل ئاشۇ قىسمەتنى قوغلىشىدۇ. شۇڭا شامان دىنى دۇنياسىدا ئالدى بىلەن بۆركۈتكە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەدەنىيەت ئىپادىسى پەيدا بولغان. بۆركۈتكە چوقۇنۇش بىلەن شامان دىنىنىڭ روھ ئۆلمەسلىك قارىشىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇق. شامان دىنى چۈشەنچىسىدە ئادەم تەن ۋە روھتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، تەن-بەدەن، روھ بولسا تەننىڭ ئىچىدە بولىدۇ. روھ تەندىن ئايرىلىپ سىرتلاردا يۈرەلەيدۇ، ناۋادا روھ سىرتتىن قايتىپ كەلمىسە ئادەم ئۆلىدۇ. ئەمما روھ ئۆلمەيدۇ. روھنىڭ تەندىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشى چۈشەنچىسى بىلەن بۆركۈتكە چوقۇنۇش چۈشەنچىسىنى بىرلەشتۈرسەك بۆركۈت روھى چۈشەنچىسى شەكىللىنىدۇ. شاھزادىنىڭ بۆركۈتنىڭ سىرلىق كۈچىنىڭ ياردىمىدە مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقنى ئىزدىگەنلىكى توغرىسىدىكى ۋەقەلىك ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆلگەنلەر روھىنىڭ قۇشلاردەك ئاسمانغا چىقىشىغا بولغان ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئىپادىلىشىدىن ئىبارەت. مەملىكىتىمىزنىڭ ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەردىمۇ «شامان ئىلاھى — بۆركۈتنىڭ ئەۋلادى»،

«شامانىنىڭ روھى — بۆركۈت» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن ئەپسانە-رىۋايەتلەر پەيدا بولغان. جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ھىندىئانلار سىزغان شامان رەسىمىنىڭ ئىككى قانىتى بار. شىمالىي ياۋروپا ۋە سىبىرىيەلىكلەرنىڭ شامانغا ئائىت رىۋايەتلىرىدە شامان ھەممە يەردە پەرۋاز قىلىپ يۈرەلەيدۇ، دېگەن مەزمۇنلارمۇ بار.

ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدە شامانىنىڭ كېلىشى مەنبەسىگە ئائىت رىۋايەتلەر بولسىمۇ، لېكىن «مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقنى ئىزدەش» كە ئوخشاش چۆچەكلەردە بۆركۈتكە ئائىت ئەپسانە ۋەقەلىكلىرى ناھايىتى كۆپ. كىشىلەر سۆرەتلىگەن بۆركۈت ئوبرازى سىرلىقلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ھەمىشە گىرەلىشىپ كەتكەن ھالدا ئىپادىلىنىپ شامان مەدەنىيىتىنى يان تەرەپتىن ئېچىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «شاھزادە بىلەن بۆركۈتنىڭ قىزى» دا پادىشاھ كەڭ ئورمانلىقنىڭ چېتىگە بېرىپ بىر قېرى بۆركۈتكە ئۇچرايدۇ. پادىشاھ بۆركۈتكە مىنىپ ئۇچۇپ بىر تاغ چوققىسىغا قونۇپ ئەسلى ھالىتىگە كېلىدۇ. بۇ بۆركۈت ئەسلى ئايال پېرىخوننىڭ ئېرى بولۇپ، بۆركۈت پادىشاھ بىلەن قىزىنىڭ توي قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما ئايال پېرىخون ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلمىغاچقا ئۇلار قېچىپ كېتىدۇ، پېرىخون بۆركۈتنى ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىدۇ، ئەمما بۆركۈت ئۇلارنى تۇتۇپ كېلەلمەيدۇ، ئاخىرىدا پېرىخون چوڭ ئاق بۆركۈت سىياقىغا كىرىۋېلىپ ئۆزى قوغلايدۇ، ئەمما ئۇمۇ قۇرۇق قول قايتىپ كېلىدۇ.

بۇ چۆچەكنىڭ سيۇژىتىدا بۆركۈتنىڭ خاراكتېرى ناھايىتى مۇرەككەپ. پادىشاھنىڭ بۆركۈتكە مىنىپ كەتكەنلىكى كىشىلەرنىڭ مۇشۇ سىرلىق كۈچ ئارقىلىق ئالەمنىڭ ئۇ چېتى ياكى ئىلاھلار تۇرۇشلۇق جايغا بېرىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن بولسا، بۆركۈتنىڭ ئەسلى ھالىتىگە كېلىشى ۋە ئۇنىڭ پېرىخون بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يەنە بۆركۈتتىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنىڭ يامان تەرىپىنى يوشۇرۇن ئىپادىلەيدۇ. ئەمما بۆركۈتنىڭ يامان خاراكتېرى ئايال پېرىخوندىن ئىبارەت بۇ سەلبىي ئوبراز بىلەن پەرقلىق. ئەپسانە ۋەقەلىكىدە ئىپادىلەنگەن بۆركۈتنىڭ ئىككى ياقلىملىق خۇسۇسىيىتى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەردە مەۋجۇت بولغان ئاق شامان، قارا شامان دەپ ئايرىلغانغا ئوخشايدۇ. ئاق شامان ياخشىلىق ئىلاھىنى ئۆزىنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسى بولغان قارا شامان ئېيتىشلارغا قارىغاندا تۈرلۈك يامانلىق ئىلاھىنى ئۆزىنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلىدىكەن. ئەمما ئۇلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ قائىدە-قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلانغاندا، قارا شامانىنىڭ يەنە كۆك-ئاسمان، يەر-زېمىندىكى تۈرلۈك-تۈمەن روھنىڭ ھەممىسىگە چوقۇنۇشى قەدىمىي ئىپتىدائىي ئېتىقادقا تېخىمۇ يېقىن. شۇڭا ۋېنگىرلارنىڭ ئاشۇ چۆچەكلىرىدە بۆركۈتنىڭ ساقلاپ قالغىنىنىڭ كۆپۈنچىسى قارا شامان مەدەنىيىتى بولۇپ، كىشىلەر بەختى، ئازابى، شاتلىقى ھەم غەم-قايغۇسى مۇشۇ

بۆركۈتنىڭ ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان ياكى كۆرسۈتۈلگەن. «دېھقان بالا ۋە مەلىكە» دە دېھقان بالىنىڭ دەل بىر ئالتۇن بۆركۈتكە ئايىنىپ قىزىل چاچ ئات باقار ئۈستىدىن غەلبە قىلغانلىقى ھەمدە مەلىكىنىڭ مۇھاببىتىگە نائىل بولغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدىكى بۆركۈت ئوبرازى يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما شامان دىنى مەدەنىيىتىنىڭ سىرلىق كۈچ-قۇدرىتى تولۇق ئىپادىلەنگەن. مەلۇم نۇختىدىن ئېيتقاندا بۇگۈنكى ۋېنگىر چۆچەكلىرىدىكى بۆركۈت ئوبرازى ياۋروپالاشقان شامان مەدەنىيىتىنىڭ جۇغلانمىسىدۇر.

## II

شامان دىنى دۇنياسىدا ئادەملەرنىڭ روھ چۈشەنچىسى بۆركۈتكە چوقۇنۇشتىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى بۆركۈتكە چوقۇنۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا، ئادەمنىڭ روھ بىلەن غەيرى ئادەمنىڭ روھى كەسكىن كۆرەش قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شامان پېرىخۇنلىرى گەرچە بۇ خىل كۆرەش، قارشىلىق قىلىش داۋامىدا كۈچ-ھەيۋىسىنى نامايەن قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمران ئورنىنى تىكلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاجايىپ-غارايىپ تۈرلۈك روھلار شامان پېرىخۇنلىرىنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن چىگىش مەسىلىلىرىنى ئىپتىدائىي خەلق ئالدىدا ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا ياردەم بېرىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەبىئەتنىڭ روھ چۈشەنچىسى پەيدا بولمىسا، شامان پېرىخۇنلىرىمۇ مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاماننىڭ نۇرغۇن پېرىخۇنلىرى روھ ئۈستىدىن غالىپ كېلىش جەريانىدا ئۆزىنى تاكامماللاشتۇرىدۇ. شۇڭا شامان دۇنياسىدا روھ چۈشەنچىسى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر.

ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدىكى روھ-ئەرۋاھلار ئوبرازى ھەممىلا يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھېكايە ۋاقەلىكىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. روھ-ئەرۋاھلار تۈرلۈك ئادەملەرنىڭ، باشقا جانلىقلارنىڭ ياكى غەيرى جانلىقلارنىڭ خىيالى روھىدىن ئىبارەت. ئۇلار ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىگە مەركەزلەشكەن ئوخشاش خىلدىكى ئايال پېرىخۇنلار ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ چىراي-شەكلى بەتبەشىرە، خۇسۇسىيىتى ياۋۇز، ئۇزۇن بۇرۇن، بېشى ئۈچ، يەتتە، ئون ئىككى بولىدۇ. بۇ خىل ئوبراز مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بۆركۈت ئوبرازى بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.① يەنە كېلىپ بۇ چۆچەكلەرنىڭ كومپوزىتسىيەسى ئاساسەن ئوخشاش. ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئايال پېرىخۇن كىشىلەرنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، ھەر بىر ئوي خىياللىرىدا دېگۈدەك ئىپادىلىنىدۇ. ئايال پېرىخۇن كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭىپ كىرىپ ھەممە يەردە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ. روھقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تولۇق

ئىپادىلىنىدۇ. «سۇيىلىن شاھزادە» دە مەلىكە ئايال پېرىخۇننىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئېرىنىڭ يىلان تېرىسىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. شاھزادە ئۇنى تاشلاپ كېتىدۇ. ئەمما كېيىن شاھزادە ئايال پېرىخۇننىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ ئالۋاستىلار ئۇۋىسىغا كىرىدۇ. «ئالتۇن چاچلىق قوش كىزەك قېرىنداشلار» دا خانىش بوشانغاندا ئايال پېرىخۇن يالغان تۇغۇت ئانىسى بولىۋېلىپ، ئالتۇن چاچلىق بىر جۈپ باللارنى ئېلىپ كېتىپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا بىر جۈپ كۈچۈكنى ئەكىلىپ قويۇپ شاھزادە بىلەن خانىشنىڭ دەرد-ئازاپ چېكىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. «سىرلىق خانىش» تا پادىشاھ يىراققا ئۇرۇشقا كەتكەندە ئايال پېرىخۇن خانىشنى دېڭىزغا ئىتتىرىۋېتىپ، قىزىنى خانىشتەك ياساپ قويىدۇ. «شاھزادە بىلەن بۈركۈتنىڭ قىزى»، «خاسىيەتلىك كالا ۋە ئۇنىڭ ئىگىسى» قاتارلىق چۆچەكلەردىكى ئايال پېرىخۇنمۇ تۈرلۈك ھىلە-نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ۋىسال ئارزۇلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدىكى بۇ خىل ئايال پېرىخۇن ئوبرازى ھەمىشە بۆرە، ئېيىق قاتارلىق ھايۋانلار بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇرغا چىقىدۇ. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ سېھرى كۈچ ئىقتىدارى ھايۋانلارنىڭكىدىن كۈچلۈك. ئۇنىڭ تەقدىرى ئاقىۋەت ھالاكەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ، ئايال پېرىخۇننىڭ ئىنسانلار بىلەن ئىلاھلار ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۈبھىسىزكى ئىلاھ شامان پېرىخۇنلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ياردەمچى كۈچى، ھەتتا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ شامان پېرىخۇنلىرىنى بىر خىل شەرھلەش ۋە چۈشەندۈرۈشتۇر. ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئايال پېرىخۇن ئوبرازى شاماننىڭ دەسلەپكى ئامىللىرىنى ساقلاپ قالغان. چۈنكى ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ بالدۇرقى شامانلار ئادەم بىلەن غەيرى ئادەملەرنىڭ قوشۇلىشىدىن پەيدا بولغان. بۇرياتلارنىڭ ئەپسانىلىرىدا كۆك ئىلاھىنىڭ ئەلچىسى بۈركۈت بىلەن بۇريات قىزنىڭ قوشۇلىشىدىن ئاپىرىدە بولغان بالا ئىنسانلارنىڭ بىرىنچى شامانى بولغان.② چاۋشيەنلىكلەرنىڭ مەتىن ۋەسىقىلىرىدە خاتىرىلىنىشىچە، بىر مەلىكە بىر بۈركۈت ئاغزىدىن ئىچىگە ئۇچۇپ كىرىپ كېتىپ چۈشەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھامىلدار بولۇپ قوشكىزەك تۇغىدۇ. بۇ قوشكىزەكلەر چوڭ بولغاندىن كېيىن باشقىلار بىلەن توي قىلىپ، ئايرىم-ئايرىم تۆتتىن قىز پەرزەنت كۆرىدۇ. بۇ سەككىز قىز چاۋشيەننىڭ سەككىز رايونىغا ئېۋەرتىلىدۇ. ئۇلار كېيىن چاۋشيەننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا شاماننىڭ ئۈچ ئەجدادىغا ئايلانغان③. شامان دىنىدا روھقا چوقۇنۇش داۋامىدا، روھلار ئاساسەن ياخشى روھ، يامان روھ دەپ ئايرىلسىمۇ، ئەمما روھ-ئەرۋاھلارنى چوقۇنۇش نىشانى قىلىش چۈشەنچىسى يەنىلا ئومۇمى يۈزلۈك مەۋجۇت. شۇنىڭ بىلەن ياخشىلىق بىلەن يامانلىق بىر گەۋدە بولۇپ، ئىككى خىل كۆز قاراشنى شەكىللەندۈرگەن. مانا بۇ شامان دىنىنىڭ روھ چۈشەنچىسى بىلەن بىر خۇدالىق

دىنلار، كۆپ خۇدالىق دىنلارنىڭ ئېتىقادىدىكى ياخشى-يامان چۈشەنچىسىنىڭ پەرىقلىنىدىغان نۇقتىدۇر. شامان دىنىدا ئەرۋاھلاردىكى ياخشى-يامان روھ ھامان كىشىلەرنىڭ چوقۇنۇش نىشانى. ۋېنگىر خەلق چۆچىكى «سۇ يىلىنى پادىشاھى» دا مەلىكە بىرىنچى قېتىم يوقلاپ بارغان پېرىخۇن ئايال ئىسكىلىتقا ئوخشايدىغان، قارا نىيەت ئايال بولۇپ، ئۇ مەلىكىنى قۇترۇتۇپ، ئىلان تېرىسىنى ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرگۈزۈۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە مەلىكىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئىككىنچى، ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قېتىم يوقلاپ بارىدۇ، ئايال پېرىخۇنىنىڭ گەرچە تەقى-تۇرقى قورقۇنۇچلۇق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ئاي، كۈن، ئىزغىرىن شامالنىڭ ئانىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۈرلۈك سېھىگەرلىكنى ئىشقا سېلىپ ئارقا-ئارقىدىن مەلىكىنىڭ سۆيگىنى شاھزادىنى ئىزدەشكە ياردەم بېرىدۇ. «ئاسمان پەلەك دەرەخ» دە قېرى پېرىخۇن ئايال يەتتە يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان پادىشاھقا رەم سېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر تۈپ ئالما دەرىخى بىر كۈنى پادىشاھنىڭ دەرىزىسى ئالدىغا ئۈسۈپ چىقىدىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭ ئالمىسىنى يېسە ساقىيىدىكەن. ئەمما بۇ ئالما دەرىخى ئاسمان-پەلەككە تاقىشىدىغان دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئالمىنى ھېچكىم ئالالمايدىكەن». ئايال پېرىخۇن گەرچە تۈرلۈك روھ-ئەرۋاھلارنىڭ سىمۋولى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە سېھىرگەرلىك ئىقتىدارى چەكلىك بولۇپ، ھەممىگە قادىر ئەمەس. «سىرلىق كالا ۋە ئۇنىڭ ئىگىسى» دىكى ئايال پېرىخۇن ئۆزىنىڭ ياش مۇھەببىتىنى چوقۇنۇش نىشانى قىلىشقا ئۇرۇنغاندا تۆگمەنچىنىڭ ئەقىللىق ئايالى بىر پارچە بولكا بىلەن بىر چۆگۈن سۇنى شىرەدە قويۇپ قويۇپ، بىر چوڭ چۆمۈچ بىلەن سۈپۈرگىنى ئىشىك بېشىغا ئېسىپ قويىدۇ. پېرىخۇن ئايال يېرىم كېچىدە بۇ سېھىرگەرلىك جابدۇقلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ «ئۆز-ئۆزىگە، بۇ يەردە مەندىنمۇ يامان پېرىخۇن ئايال بار ئىكەن» دەيدۇ.

## III

ئاسمان، يەر، تاغ، سۇ، دەرەخ قاتارلىق تەبىئەتكە چوقۇنۇش — شامان دىنى ئېتىقادىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدىكى كۆك ئاسمان ئىلاھى بىلەن خىرىستىيان دىنىنىڭ خۇداسى بىرلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما چۆچەكنىڭ مەزمۇنى ۋە سىيۇژىت تەرەققىياتىدىن ئاسمان ئىلاھىغا چوقۇنۇشنىڭ ئىزلىرىنى تېپىشقا بولىدۇ. «مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقنى ئىزلەش» ناملىق چۆچەكتە كۆككە تاقىشىدىغان دەرەخنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن بۈركۈت يالغۇز ئادەملەرنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدى بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ كۆك ئىلاھنىڭ ئەلچىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۆلمەسلىك تەقدىرىنى ئاللا ئاتا قىلغان. شۇڭا ئۇ ئاسمان ئىلاھنىڭ مەڭگۈلۈكنىڭ سىمۋولىدۇر.

شاھزادە بۈركۈتنىڭ ياردىمىدە قويۇندەك ئۇچۇپ بوشلۇقتا چىقىپ كىشلەر قەلبىنىڭ كۆككە تەلپۈنىشىدىن ئىبارەت غايىسىنى ۋە ئارزۇ-ئۈمىدىنى ئىپادىلىگەن. زور دەرەخ، ئەركەك بۈركۈت كىشلەر بىلەن ئىلاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ئەلچى» دۇر. ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدە زور دەرەخ، ئەركەك بۈركۈتلەر تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىكلەر بار. بۇ ۋەقەلىكلەرنىڭ ئالغا سۈرۈلگەن مەزمۇنى ۋە ئىدىيىسىدە ئىنسانلارنىڭ ئىلاھقا بولغان چوقۇنىشىنى ئىپادىلەنگەن. «ئاسمان پەلەك دەرەخ»، «شاھزادە بىلەن قۇرغۇينىڭ قىزى» قاتارلىق چۆچەكلەر يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مەركىزى ئىدىيەنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرگەن.

ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇنداق بىر خىلدا باشلىنىدۇ: «يىراق دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بىر موماي ياشايدىكەن»؛ «يىراق ئەينەك تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر توپ دەرەخ بار ئىكەن»؛ «ناھايىتى يىراقتىكى يەتتە دەريا بىلەن يەتتە ئارالنىڭ ئۇ تەرىپىدە»؛ «يىراق يەتتە دەريا بىلەن ئەينەك تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە» ۋاھاكازالار. ماتېرىيال چەكلىك بولغاچقا مەن يەتتە دەريا بىلەن ئەينەك تاغنىڭ كونكرېت ئورنىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ئەمما بۇ خىل بايان قىلىش ئۇسۇلى مۇھىم بىر ئۇچۇرنى يەنى ۋېنگىر مىللىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە ياشىغان ماكانىنىڭ تاغلىق ۋە سۇلۇق جاي ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم بىر ئۇچۇرنى ئاشكارىلاپ بەردى. شامان دىنى بىلىقچىلىق ۋە ئوۋچىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان دەۋرلەردە، ئىپتىدائىي كىشلەر يىرتقۇچ ھايۋانلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ گۆشىنى يەپ، قېنىنى ئىچەتتى، تېرىسىنى يېپىناتتى. تاغ-ئورمانلار، دەريا-دېڭىزلار ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى ئىدى. شۇڭلا تاغ، سۇغا چوقۇنۇشمۇ ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدە ساقلىنىپ قالغان شامان مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىدۇر. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىسىدە تاغ ۋە سۇنىڭ ئېنىق پەرقى يوق ئىدى. سۇ تاغدىن كېلىدۇ. بۇ خىل قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتمۇ تاغ ئىلاھى، سۇ ئىلاھىنىڭ ئوبرازى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، مەزمۇنى بىردەكلىككە ئىگە. «ئالتۇن چاچلىق قوشكىزەك قېرىنداشلار» دىكى پېرىخۇن ئايال مۇنداق دەيدۇ: «زېمىندىكى مەلۇم بىر جايدا ئەينەك بار، ئۇ <دۇنيادىكى ئۈچ ئەينەك> دېيىلىدۇ. ئەگەر سەن ئۇنىڭغا ئېرىشەلەڭ. ئۇ چاغدا سەن راستىنلا دۇنيانىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرالايسەن». «پەلەككە تاقاشقان دەرەخ» دە مۇنداق بايان بار: «دەرياغا تۇتاشقان بىر يول بار، شۇ يولغا تۇتىشىدىغان جايدا سۇ يۈزى پەقەت يۈز چى كەڭلىكتە بولۇپ، قارشى تەرەپتىكى يول يىراقتىكى بىر بەگلىكنىڭ زېمىنىغا سوزۇلىدۇ. ئۇ يەردە بىر پېرىخۇن ئايال بار. كىم ئۇنى بويسۇندۇرالىسا شۇ ئېرىشمەكچى بولغان جىمى نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ». «ئات باشلىق جىن» دا پېرىخۇن ئايال زېمىندىكى سۇلارنى تىزگىنلىۋالىدۇ، بىر ئايال

ئۇنىڭدىن يىگىلا تۇغۇلغان بوۋىقىغا بىر يۇتۇم سۇ بېرىپ قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۆتۈنىدۇ، پېرىخۇن ئايال غەزەپلىنىپ «مەن سىلەرگە سۇ بەرسەملا تۇرىۋاتقان ئۆڭكۈرۈم ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ» ④ دەيدۇ. ئىنسانلار تاغ-سۇلارغا تايىنىش بىلەن بىرگە يەنە تەبىئەتنىڭ رەھىمسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز كۈچلۈك بىقىندىلىق تۇيغۇسى ئىچىدە يەنە ھەمىشە بىر خىل ۋەھىمە تۇيغۇسىدىنمۇ خالى بولالمىدى. بۇ ئىككى خىل تۇيغۇ ئۆز-ئارا قوشۇلۇپ تاغ، سۇ ئىلاھىنىڭ ياخشى-يامانىدىن ئىبارەت ئىككى خىل خارەكتېرىنى پەيدا قىلغان.

ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدىكى پېرىخۇن ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى تاغلارنىڭ چوققىسىدا ياكى قويۇق ئورمانلارنىڭ تىرەن جايلىرىدا تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ سۇدا ئوردا-قەسىرلىرى بار.

ئادەم روھىنىڭ ھايۋانات روھىغا ئۆزگىرىشى ئىپتىدائىي دىن چۈشەنچىسىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەڭ بالدۇرقى شەكىل ئۆزگىرىشى ئەركىن شەكىل ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما سېھىرگەرلىك چۈشەنچىسىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىمۇ سېھىرگەرلىك كۈچىنىڭ ئادەمگە، شەيئىگە ۋە ماددىغا تەسىر كۆرسىتىشى ياكى كونترول قىلىشى بىلەن بولىدۇ. بۇ خىل شەكىل ئۆزگىرىش سەۋەبى، مۇددىئاسى بولغان ۋە مەجھۇل ھالەتتىكى شەكىل ئۆزگىرىشىدۇر. «سىرلىق خانىش» تا ئىنىسى بۆرە ئايىغىنىڭ ئىزىغا يىغىلىپ قالغان سۇنى ئىچمەكچى بولىدۇ. ئەمما ئاچىسى ئىچكىلى قويمايدۇ. ئۇ، ئىنىسىغا ھايۋانىنىڭ ئاياغ ئىزىدىكى سۇنى ئىچسەڭ ھايۋانغا ئايلىنىپ قالىسەن دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنىسى بۆرىنىڭ، ئېيىقنىڭ ئاياغ ئىزىدىكى سۇنى ئىچمەيدۇ. ئىنىسى ئاخىرى ئۇسسۇزلۇققا چىدىماي بۇغىنىڭ ئاياغ ئىزىدىكى سۇنى ئىچىپ سالىدۇ-دە، بۇغىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش دائىم تەڭرىنىڭ ئىرادىسى دەپ قارىلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى ئۇۋچى مىللەتلەرنىڭ بۇغىغا چوقۇنۇشىمۇ ئومۇمى يۈزلۈك ئەھۋالدۇر. موڭغۇللارنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ ئاق ئات، بۇغىنى توتېم قىلغانلىقى ھەققىدىكى قاراشلار «موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخى» نىڭ مۇقەددىمىسىدە خاتىرىلەنگەن.

IV

ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدىكى قويۇق شامان مەدەنىيىتى قانداق شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان؟ ئۇنىڭ ۋارىسچانلىق شەكلى قانداق؟ بۇلار ئالدىمىزغا قويۇلغان قىيىن مەسىلىدۇر. ماتېرىيال مەنبەسى چەكلىك بولغاچقا بۇ مەسىلەر توغرىسىدا تولۇق ۋە تەپسىلى جاۋاپ بېرەلمەيمەن. مەن بۇ يەردە پەقەت ئاددى مۇلاھىزەمنى ئوتتۇرىغا

قويۇپ ئۆتمەكچىمەن...

ۋېنگىرلار ئۆزلىرىنى ماجار (Maggar) دەپ ئاتايدۇ. ماجارلار خرىستىيان دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن شامان دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. ئەمما ماجارلارنىڭ تارىختا ياشىغان جوغراپىيىلىك ئورنىدىن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار شامان دىنى پائالىيەت دائىرىسى ئىچىدە ئەمەس (خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا دەسلەپكى شامان دىنى ئاساسلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبى سىبىرىيەدىكى تاغلىق، ئورمانلىق ۋە يايلاقلاردىكى خەلقلەرگە مەركەزلەشكەن) ئىدى. بۇ ئارقىلىق شۇنى چۈشۈنىشكە بولىدۇكى، ماجارلارنىڭ شامان ئېتىقادى باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ۋېنگىرلارنىڭ تارىخى ماتېرىياللىرىدا خاتىرىلىنىشىچە: «قەدىمى ۋېنگىرلار مىلادى 5-ئەسىردە جەنۇبى رۇسىيە يايلاقلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلار بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن تۈركلەر بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. تۈركلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلارغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. يەنە كېلىپ نۇرغۇن تۈركلەر ۋېنگىرلارغا ئارىلىشىپ كەتكەن. ۋېنگىرلارنىڭ Wenger، Ungarn، Hungrns، Hungawian قاتارلىق ئوخشىمىغان ناملىرى بار. بۇ نامىلارنىڭ ھەممىسى تۈرك قەبىلىسى Onogur دىگەندىن كەلگەن. بۇ چاغدا قەدىمي ۋېنگىرلارمۇ ئۆزلىرىنى ماجار (Maggar) دەپ ئاتايتتى. بۇ ناممۇ تۈركلەرنىڭ (Ugrain) قەبىلىسىدىن كەلگەن. 1982-يىلى ۋېنگىر ۋامبېرگە.ئارمىنىڭ (Vamberg. Armin) بۈيۈك ئەسىرى «ماجارلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» دا ۋېنگىرلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ تۈركلەر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋېنگىر ئالىملىرى ئارىسىدا «تۈرك بىلەن ئوگۇر (Ugor)» لار بەس مۇنازىرىسى قوزغۇلىدۇ. ھازىر يەنىلا ئوگور دىگۈچىلەرنىڭ توغرا ئەمما ۋېنگىر مىللىتىنىڭ قېنىغا تۈرك مىللەتلىرىنىڭ قېنىنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمى ۋېنگىرلارغا بولغان تەسىرى تىل جەھەتتىنمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان ۋېنگىر تىلىدىكى تەخمىنەن 9% سۆز تۈرك تىلىدىن ئېلىنغان. مەسىلەن: ۋېنگىر تىلىدىكى tenger (دېڭىز) bika (كالا) kos (قوي) kecke (ئۆچكە) alma (ئالما) bator (باتۇر) قاتارلىق سۆزلەرگە ئوخشاش ياكى شۇنىڭغا يېقىن سۆزلەرنى تۈركى تىلىدىن تاپقىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ماتېرىياللىرىمىزنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق شۇنداق قارايمىزكى، ۋېنگىرلارنىڭ شامان ئېتقادى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەسىرىدىن شەكىللەنگەن. بولۇپمۇ تۈرك مىللىتىنىڭ تەسىرى نىسبەتەن چوڭقۇر بولغان. ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىدىكى نۇرغۇن ئانا تېما، ۋەقەلىك ۋە قۇرۇلما شەكىللىرىنى مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى مىللەتلەرنىڭكىدىن تاپقىلى بولىدۇ. ماقالە

مۇئەللىپى كونكرېت سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇنى بايقىدىكى، ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرىكى بۆركۆت ھەققىدىكى بىر نەچچە ئەپسانە ۋەقەلىكى سېرىق ئۇيغۇرلارنىڭ خەلق چۆچەكلىرىگە تامامەن ئوخشايدۇ. بۇ تاساددىپى توغرا كېلىپ قىلىش ئەمەس. بۇ بىر خىل ئىچكى باغلىنىشتۇر.

تارىخى نۇقتىدىن كۆزەتكەندە، سېرىق ئۇيغۇرلار ئەجدادلىرىنىڭ كىلىش مەنبەسى بىلەن ۋېنگىرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن تۈرك قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش بار. بۇ مەسىلە ماقالىمىزدا مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلە بولمىغاچقا، بۇ نۇقتىنى باشقا ماقالىمىزدا تەتقىق قىلىمىز.

مەن شۇنداق قارايمەنكى، ۋېنگىرلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن تۈركلەرنىڭ ھەر قايسى قەبىلىلىرى شامان دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خەلق چۆچەكلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان.

بۈگۈنكى كۈندە ئېرىقشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى قىيىن بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىدا بايان قىلىنغان خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مەزمۇنى بىزنى ناھايىتى ياخشى دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن تەمىنلىدى. بۇلار ئۆز-ئارا ئارىلاشقان بىر مۇھىم تۈگۈن. بۇ نۇقتا بولۇشقا تېگىشلىك.

(بۇ ماقالىدا تىلغا ئېلىنغان، ئەمما ئىزاھات بېرىلمىگەن خەلق چۆچەكلىرى شۇنيودەن، فەنشۇن تەرجىمە قىلغان، يۈننەن خەلق نەشرىياتى 1986-يىلى نەشر قىلغان «سىرلىق خانىش ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.)

**ئىزاھاتلار:**

① «مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى تۈركىي تىللار سىستېمىسىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ماگنۇس ئوبرازى»، «گەنسۇ مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989-يىل 1-سان.

② گېئورگى لېئورادرې: «سىبىرىيەدىكى مىللەتلەرنىڭ شامان دىنى»، ياپونىيە تۈرمۇش نەشرىياتى، 1943-يىل نەشرى، «ئەسلى كىرىش سۆز» 4-بەت.

③ شويەنفەن: «كورىيەنىڭ شامان دىنى»، ياپونىيە، 1980-يىل نەشرى.

④ «ئات باشلىق جىن»، «ۋېنگىر خەلق چۆچەكلىرى»، 1940-يىل ئىنگلىزچە نەشرى.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇسالام ئابلىز**

مۇھەررىرى: **ۋاھىتجان ئوسمان**

# ماقال-تەمسىللەر

ھاراقكەشنىڭ دوستى يوق.

دوستۇم دەپ سىر ئېيتما،
دوستۇڭنىڭ دوستى بار.

خەق ئۈچۈن ئېشەك گۆشى يەپتۇ.

ياغ يۇتقاندا يات ياخشى،
قان يۇتقاندا قېرىنداش (ياخشى).

دۇنيا دېگەن توپۇق ئويۇنى.

ساتىراچ ئۆلمىسە يىگىت قېرىماس.

سوغۇق تونۇرغا نان ياقسا تۇتماس.

يەر يۇتۇپ تويماس،
كۆز كۆرۈپ (تويماس).

پېشىڭنى ئاق تىكەن ئىلسا توختا.

گۇمان ئىماننى قاچۇرار،
ئىمان شەيتاننى (قاچۇرار).

گۇمان بىلەن گومىغا بېرىپتۇ.

گۇمان دوستنى دوستتىن ئاجرىتار.

ئاناڭ ئۆگەي بولسا، ئاتاڭ ئۆزۈڭنىڭ بولماس.

ئاناڭنى جاھان بىلسەڭ،
ئاتاڭنى خاقان بىل.

ئەركەك ئىت قانجىقنى تالىماس.

بالىنىڭ جىم بولغىنى — ئىش تېرىغىنى.

بال تاتلىق،
بالدىنمۇ بالا تاتلىق.

بىر خوتۇننىڭ ئېرى ئۆلسە، قىرىق خوتۇنغا كۈندەش.

ھەر بالىنىڭ ئوتى باشقا.

دوستلىرىم دەيدۇ: «خوتۇنغا تويۇڭ»
قېيىن ئانام دەيدۇ: «قىزىمنى قويۇڭ»

كۈندەشلىك — كۆڭۈل غەشلىك.

يىقىلغان تام ئورنىغا پۈتمەس.

ئات ئۆلسە ئىتقا توي بولىدۇ.

ئاچكۆز ئىھساندىن قاچار،
بېخىل مېھماندىن (قاچار).

يىگەننىڭ تىلى قىسقا،
ئالغاننىڭ قولى (قىسقا).

كۈندە يېگەن ئاچ،
يىلدا يىگەن توق.

مىياڭلىمىغان مۈشۈك ئىشەك گۆشىنى ئوشۇق يەپتۇ.

ئەگرى ياغاچمۇ كۆيۈۋېرىدۇ.

ئېغىلدا بولسا ئېغىزغا تېگىدۇ.

بازىرى يىقىن باي بولماس،
مازىرى يىقىن خار بولماس.

تاۋار كەسسەڭ كىسكى قالۇر،
بۇغداي تارتساڭ كېپەكى (قالۇر).

چېچىلغان نەرسە جىق كۆرىنەر.

چىنە بولسا دەزى بولمىسا،
يىگىت بولسا قەرزى بولمىسا.

دەريا يېنىدىن قۇدۇق قازما.

كۆينەك ياقىسىدىن تۇزۇيدۇ.

يوغان يېقىپ پايلىماي يەپتۇ،
كىچىك يىقىپ ساتالماي يەپتۇ.

ئاتاڭ بارىدا بىلىم ئال،
ئەخمەققە ئاغامچا بەرسەڭ ئېسىلىپ ئۆلەر.

ئەقىللىق خوتۇن باشقا قارايدۇ،
ئەقىلسىز خوتۇن ياشقا (قارايدۇ).

ئەقىللىق دېسە ئەخمەقنى،
بېشىڭغا ئۇرار توقماقنى.

ئىزنى ئىز ئۆچىرەر.

بىلگەن ئەپلەپ سۆزلەر،
بىلمىگەن كەپلەپ (سۆزلەر).

تۆۋپ تۆۋپ ئەمەس،
بېشىڭدىن ئۆتكەن تۆۋپ.

تۆۋپقا يۇرتنىڭ ھەممىسى دوست.

چەكچەيگەن كۆزدە ئەقىل ئاز.

دانا ئالدىرىسا ئۇخلار.

شائىر—سۆز زەرگىرى.

قېرى بىلگەننى پەرى بىلمەس.

كاچكۇلغا چاغلاپ چىلەك سال.

كەپتەرنىڭ ئەخمىقى مىگىز،
ئادەمنىڭ ئەخمىقى ئېگىز.

مەككىگە بارغان ئېشەك هاجى ئەمەس.

نادان بىلەن گەپ تالاشقىچە،
ئىت بىلەن سۆڭەك تالاش.

ناننى ئوخشاتقان تونۇرى،
ئاشنى ئوخشاتقان هۆنىرى.

ئەجىردىن هالاۋەت كېلۇر،
تەيياردىن مالامەت (كېلۇر).

ئۆيۈڭ ئاياغدا بولسا، قىزىڭنى مىراپقا بەر.

بىرى كۆڭۈلچەك يوقسۇل،
بىرى ئېرىنچەك يوقسۇل.

تەييار ئاشقا ئېغىز كۆپ.

زەر بىلەن ماختانما، يەر بىلەن ماختان.

كۆپ ئۇخلىغان بالدۇر قېرىيدۇ.

كۈچۈڭ يەتمىسە كۆتەرمە.

جان بازارغا كىرمەيدۇ.

ئوت كۆيگەن يەرنىڭ قىزىغى كەتسۇ، قىزلى كەتمەس.

جىنىم دېسە جان سۆيۈنۈپتۇ.
ئاچىنىڭ غېمى يېرىم نان.

ئاغرىقنىڭ ئالدىدا ئۆلۈم توغرىلىق سۆزلىمە.

بوشىغان چىش چىڭىماس.

تاتلىق يېگەن تەنگە راھەت،
ئاچچىق يېگەن جانغا (راھەت).

تام كونىرىسا چاك،
كېسەل كونىرىسا راك.

تېنى ساققا كۈندە تاماشا.

تاماقنىڭ قىلىپى يوق.

دەرمانسىزدا ئارمان تولا.

قورساق بىلەن پوقاققا ئاۋىي يوق.

كېپەك يېگەن ئات يۈگرۈك بولماس.

كۆڭۈل تارتقان ئاش هالال.

ئىت پادىشاهنى تونۇماس.

بىهۇدە هەرىكەت بەلنى سۇندۇرار.

توپلىغۇچى: **مەتلى سايىت** (خوتەن ۋىلايەتلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

مۇھەررىرى: **نۇرنىسا باقى**

# ئادەت رىتسىپلار

△ ئاۋاز تۇتۇلۇپ قالسا، تۇرۇپ ئۇرۇقىنى سوقۇپ قايىنتىپ ئىچمىزنى بىر قانچە قېتىم غار-غار قىلىپ چايقىسا ئوڭشۇلىدۇ.

△ كۆنجۈتنى نانغا ئارىلاشتۇرۇپ داۋاملىق يېسە شەھۋەتنى زىيادە قىلىدۇ.

△ بەدىيانىنى زەنجىۋىل بىلەن قايىنتىپ دائىم ئىچسە مەيدىنى پاكلايدۇ، يەللەرنى مەيدەپ كۆزگە روشەنلىك بېغىشلايدۇ.

△ ئىسسىق غىزادىن قورساق ئاغرىسا يېمىش جىگدىنى قايىنتىپ شەربەت قىلىپ ئىچسە ساقىيىدۇ.

△ تۇغماس ئايال ئەركەك چاچقاننى كاۋاپ قىلىپ يېسە پەرزەنت كۆرىدۇ.

△ ئەگەر مەزلۇم كىشىنىڭ ئەمچىكى ئاغرىسا ۋە شۇقىراش بولسا ①قىزىل لوۋىينى گۈل يېغى بىلەن چاپسا ساقىيىدۇ. بۇنىڭ مەنپەئەتى بولمىسا، زىغىرنى سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چاپسا ياخشى بولىدۇ.

△ كۆزدىن ياش ئاقسا قارا قوينىڭ قويرۇقىنى ئىگىر بىلەن كۆزگە ياقسا مەنپەئەت قىلىدۇ.

△ كۆزگە ئاق چۈشكەن بولسا قىزىل ئالمىنىڭ ئىچىنى ئويۇپ سېرىق ياغنى تىقىپ، ئالمىنى خېمىر ئارىسىغا ئېلىپ ئوتقا كۆمۈپ، خېمىر تازا پىشقاندا خېمىرنى تاشلىۋېتىپ ئالما بىلەن ياغنى ئىككى چېكىسىگە تاڭسا شىپا بولىدۇ.

△ چاچ-ساقالنى ھېلىلە، بىنەپشە سۈيى بىلەن پات-پات يۇيۇپ تۇرسا تېز ئاقىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

△ سامساقنى چاۋا ياغ بىلەن پىشۇرۇپ چىش تۈۋىگە قويسا چىش ئاغرىقى توختايدۇ.

△ سامساقنى چاۋا ياغ بىلەن پىشىرىپ يەتتە كۈن يېسە ساقايمىغان يۆتەلگە شىپا بولىدۇ.

△ ياڭاق مېغىزى سېلىپ كۆمەچ ئېتىپ يېسە بۇۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

△ پىياز ئۇرۇقىنى گۈل يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ، ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يېسە مەيدىدىكى يەل تارقايدۇ، ئەگەر شىكەر بىلەن يېسە ②قۇلنجدىن خالاس تاپىدۇ.

△ مېكيانىنى ئۇغرى تىكەن مېغىزى بىلەن سەمرىتىپ ئۇنىڭ يېغىنى خىرە بولغان كۆزگە سۈرتسە روشەن بولىدۇ.

توپلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

① بىر خىل دورىلىق ئۆسۈملۈك، ② بىر خىل كېسەللىك.

# سەن يارىمنىڭ كويىدا

تورغاي تولا سايرايدۇ،
تورغايچىنىڭ قولىدا.
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمان يوق،
سەن يارىمنىڭ كويىدا.

تاش ئاتتىم ئىشىكىڭگە،
قولۇپۇڭغا تەگسۇن دەپ.
سالام يازدىم ئولتۇرۇپ،
يۈرىكىڭگە تەگسۇن دەپ.

ئىشىكىڭدىن ئۆتەلمەيمەن،
سىنى ئەگىپ كەتەلمەيمەن.
دۈشمەن توسسا يولۇمنى،
مۇرادىمغا يەتەلمەيمەن.

ئۆيىڭىزدە بارمىكىن؟
ئاق توخۇم، ئاپئاق توخۇم.
سەن يارىمدىن ئايرىلىپ،
قانداق كېلىدۇ ئۇيقۇم.

ئاچچىق ئۆرۈكنى كېسىۋېتىمەن،
شاخ-شاخىنى قالىۋېتىمەن.
سەن مېنى ياد ئەتمىسەڭ،
مەن نېمىشقا ياد ئېتىمەن؟

دەريا سايغا ئاقىدۇ،
يارىنىڭ سۆزى ياقىدۇ.
يىراقتىكى شۇ يارلار،
ئەمدى كىمگە باقىدۇ.

باغقا كىردىم غەم بىلەن،
گۈلنى ئۈزدۈم پەم بىلەن.
ئانىسى ساراڭ جادى،
ئۇننى سالدى دەم بىلەن.

ئەتىر گۈلنى ئۈزدۈم دەپ،
ھەپرەڭ گۈلنى ئۈزۈۋەتمەڭ.
دۈشمەن سۆزىنى ئېشىتىپ،
ئۈمىدنى ئۈزۈۋەتمەڭ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: مەرەمخان زايىر، ھىمىت مىجىت (توقسۇ ناھىيە ئۈچقات يېزا غوجىتۇرۇس كەنت 2-گۇرۇپپىدىن)

توپلىغۇچى: ھەبىبۇللا مىجىت، مۇشتاق كامال (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكولتېتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 95-يىللىق 2-سىنىپتىن)

مۇھەررىرى: يۈسۈپ ئىسھاق

# فولكلور ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات

**قۇياش ئىلاھىغا چوقۇنۇش (崇拜"德乐查"):** بۇ، ئېلۇنچۇن مىللىتىدە كەڭ تارقالغان ئاسمان جىسىملىرى ئېتىقادىنىڭ بىرى بولۇپ، قۇياش «شەپقەت ئىلاھى» دەپ قارىلىدۇ. كىشىلەر بالايى-ئاپەتكە ياكى پېشكەللىككە يولۇقسا، ئۆز ئارا رەنجىشىپ قالسا، قۇياش ئىلاھىغا تىۋىنىپ، بالايى-ئاپەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن قۇتۇلۇش ھەم بەخت-سائادەتكە ۋە ھەققانىيەتكە ئېرىشىشنى تىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەر يىلى بىرىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى قۇياش ئىلاھىغا ئاتاپ ياغاش قىلىدۇ.

**ئاي ئىلاھىغا چوقۇنۇش (崇拜"别嘎"):** بۇ، ئېلۇنچۇن مىللىتىدە كەڭ تارقالغان ئاسمان جىسىملىرى ئېتىقادىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاي كېچىنى يورۇتىدىغان، تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىدىغان كۆزەتچى ئىلاھ دەپ قارىلىدۇ. كىشىلەر ئوۋغا چىقىپ، بىر نەچچە كۈنگىچە ئولجىغا ئېرىشەلمىسە، ئۆيىنىڭ سىرتىغا بىر قورۇق داسنى قويۇپ، داسنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە ئايغا باش قويۇپ، ئولجا تىلەيدىغان، ئەتىسى سەھەردە داستا قانداق قۇشنىڭ پېيى ياكى ھايۋاننىڭ تۈكى چۈشسە، شۇ خىل قۇش ياكى ھايۋان ئوۋلىنىدۇ، دەپ قارايدىغان ئادەت ئېلۇنچۇن مىللىتىدە ھېلىمۇ بار.

**تاشقا چوقۇنۇش (石崇拜):** بۇ، تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىنىڭ بىرى بولۇپ، يىزۇ مىللىتىدە كۆپ تارقالغان. يىزۇلاردا ئۆيلىنىپ تېخى پەرزەنت كۆرمىگەن ئەرلەر ھەر يىلى 2-ئايدىكى ئەجدىھا ياغىشىدىن كېيىن، ئىككى دەرەخنىڭ ئالدىغا تىكلەپ قويۇلغان ئىككى دانە سوزۇنچاق تاشنى (بۇ تاشلارنىڭ بىرى ئەركەك، بىرى چىشى دەپ قارىلىدۇ) بىردىن كۆتىرىپ، دەرەخنى چۆگىلەيدىغان، ئەتراپتىكى يىگىتلەر ئۇلارغا سۇ چاچىدىغان، بۇنىڭ بىلەن تاش ئىلاھىدىن پەرزەنت تىلەيدىغان ئادەت بار.

**تۆت تىنلىغ (ھايۋان) ئېتىقادى (崇拜四灵):** بۇ، ئاساسەن خەنزۇ مىللىتى ئارىسىدا تارقالغان ھايۋانات ئېتىقادى بولۇپ، بۇ تۆت تىنلىغ، يەنى تۆت خىل ھايۋان — ئەجدىھا، سۇمرۇغ، چىلىن (麒麟) ۋە تاشپاقىدىن ئىبارەت. مۇشۇ ئېتىقاد بويىچە، چىلىن كىشىلەرگە ئامەت كەلتۈرىدىغان، سۇمرۇغ مال-مىلىكنى تىنجىتالايدىغان، تاشپاقا غايىبتىن بېشارەت بېرەلەيدىغان، ئەجدىھا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلالايدىغان ھەم ئۆزگىرەلەيدىغان ئىلاھى قۇدرەتكە ئىگە دەپ قارالغان.

**ئەجدىھاغا چوقۇنۇش (崇拜龙):** بۇ، ھايۋانات ئېتىقادىنىڭ بىرى بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە خەنزۇ مىللىتى ئارىسىدا تارقالغان. ئەجدىھا رىۋايەتلەردىكى تۆت تىنلىغنىڭ بىرى بولغان خىيالى ھايۋان بولۇپ، ئىلاھ ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق ئاتا قىلىدىغان ھەم ئۆزگىرەلەيدىغان سۇ، يامغۇرنى ئىلكىدە تۇتقان سېھرىي كۈچكە ئىگە دەپ ئۇلۇغلانغان، ئەجدىھا ھازىرمۇ غالىبلارنىڭ ۋە كۈچ-قۇدرەتنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ.

**سۇمرۇغقا چوقۇنۇش (崇拜凤):** بۇ، ھايۋانات ئېتىقادىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن خەنزۇ مىللىتى ئارىسىدا تارقالغان. سۇمرۇغ رىۋايەتلەردىكى تۆت تىنلىغنىڭ بىرى دەپ قارالغان خىيالى ھايۋان ھەم قۇشلار شاھى بولۇپ، ئۇ پەيدا بولغاندا، ئاسمان گۈلدۈرلەشتىن توختارمىش،

قار-بوران، يامغۇر-يېشىن تىنجىپ، يەر-جاھان ئەمىن تاپارمىش. ئۇ، ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىر، ئالىجاناپ ھەم زىل بولۇپ، توغراقتىن باشقا دەرەخكە قونماسمىش، يامبۇك مۆسىدىن باشقىسىنى يېمەسمىش، شاراپ بۇلىقىدىن باشقىسىنىڭ سۈيىنى ئىچمەسمىش ۋە كىشىگە ياخشىلىق ھەم بەخت ئاتا قىلارمىش. شۇڭا، ئۇ ياخشىلىق ۋە ئالىجاناپلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

**چىلىنغا چوقۇنۇش** (崇拜麒麟): بۇ، ھايۋانات ئېتىقادىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن خەنزۇ مىللىتى ئارىسىدا تارقالغان. چىلىن رىۋايەتلەردىكى تۆت تىنلىقنىڭ بىرى بولۇپ، «مېھرىبان، قۇتلۇق» ھايۋان دەپ ئۇلۇغلانغان ۋە ئۇنىڭ ھايات-ماماتى خانلىقنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە ھالاك بولۇشىدىن بېشارەت بېرىدۇ، دەپ قارالغان ھەمدە ياخشىلىققا سىمۋول قىلىنغان. خەلق ئارىسىدا چىلىنغا تېپىنسا پەرزەنتلىك بولىدۇ، دەيدىغان ئادەت بار.

**تاشپاقىغا چوقۇنۇش** (崇拜龟): بۇ، ھايۋانات ئېتىقادىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاساسەن خەنزۇ مىللىتى ئارىسىدا تارقالغان. تاشپاقا تۆت تىنلىق ئىچىدە رىئاللىقتا مەۋجۇت بولغان بىردىن بىر ھايۋان بولۇپ، ئاسماندىن چۈشكەن، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن بېشارەت بېرەلەيدۇ، ئۇ، ئىلاھ بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەلچى، دەپ ئۇلۇغلانغان.

**كاككۇكقا چوقۇنۇش** (崇拜布鸽): بۇ، ھايۋانات ئېتىقادىنىڭ بىرى بولۇپ، خانى مىللىتى ئارىسىدا تارقالغان. خانى مىللىتىنىڭ ئېتىقادى بويىچە، كاككۇك ئاسمان ئىلاھىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن بۇ دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئەتىيازدىن خەۋەر بېرەرمىش. خەلق ئارىسىدا، كاككۇكنىڭ سايرىشىنى تۇنجى ئاڭلىغاندا، «ئاڭلىدىم» دەپ جاۋاب بېرىدىغان، بۇنىڭ بىلەن، بۇ يىل زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل ئالىدىغان، چارۋا-ماللىرىمىز كۆپىيىدىغان، پۈتۈن بىر يىلنى باياشاتلىق ئىچىدە خاتىرجەم ئۆتكۈزىدىغان بولىدۇق، دەپ قارايدىغان ئادەت بار.

**«ئوت ئىگىسىگە» چوقۇنۇش** (崇拜火主): بۇ، ئەجداد ئېتىقادچىلىقنىڭ بىرى بولۇپ، ئىۋېنكى مىللىتى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. مۇشۇ ئېتىقاد بويىچە، ئوتنى ياشانغان بىر ئىلاھە باشقۇرارمىش. مۇبادا بىرەر ئائىلىدە ئوت ئۆچۈپ قالسا، شۇ ئائىلىنىڭ يىلتىزى قۇرۇرمىش، شۇڭا خەلق ئارىسىدا ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق، ھەتتا ئۆي كۆچكەندىمۇ ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق كېرەك دەيدىغان ئەقىدە بارلىققا كەلگەن ۋە ئوتقا سۇ سەپمەسلىك، پاسكىنا نەرسىلەرنى تاشلىماسلىق، قىز-ئاياللار ئوتتىن ئاتلاپ ئۆتمەسلىك دەيدىغان تابۇ ئادەتلىرى شەكىللەنگەن.

**ياماراجاغا چوقۇنۇش** (崇拜"阎王"): بۇ، خەنزۇ مىللىتى ئارىسىدا تارقالغان تەڭرى ئېتىقادىنىڭ بىرى بولۇپ، "阎王" سۆزى سانسكرىتچىدىكى «دوزاق ھۆكۈمدارى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ياماراجا (yamaraja) سۆزىدىن ئۆزلەشتۈرۈلگەن. ياماراجا ئەسلىدە ھىندىلارنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرىدىكى بىر ئىلاھ بولۇپ، بۇددا دىنى جۇڭگوغا تارقالغاندىن كېيىن، تەدرىجى ھالدا خەنزۇلار تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىشقا باشلىغان. بۇ ئېتىقاد بويىچە، ياماراجا ئۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ھايات-ماماتىنى بەلگىلەرمىش ھەمدە ئىنسانلارنىڭ پانى دۇنيادىكى قىلمىشلىرىغا ئاساسەن، ئاخىرەتتە ئۇلارنى جازالارمىش ياكى مۇكاپاتلارمىش.

تۈزگۈچى: **ئارسلان ئابدۇللا**

مۇھەررىرى: **يۈسۈپ ئىسھاق**

# تۆت ساندۇق

بىر دېھقان ئېتىزدىن يېنىپ ئېشەك ئالدىدا تۇرغان ئىكەن، سودىگەر سىياقىدىكى بىر كىشى بىر ئېشەكنى ھەيدەپ كېلىپ قاپتۇ. ئېشەككە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۆت ساندۇق ئارتىلغان ئىكەن. دېھقان قىزىقىپ ساندۇقنى ئالماقچى بولۇپ سودىگەردىن سوراپتۇ:

— ھەي، سودىگەر، بۇ ساندۇقلارنى ساتامسەن؟

— نېمە ئۇقەت قىلسەن؟ — دەپ سوراپتۇ سودىگەر يالىدۇرۇپ.

— دېھقانمەن، — دەپتۇ دېھقان راستىنى ئېيتىپ.

— دېھقان بولساڭ، ساتمايمەن! — دەپتۇ سودىگەر.

— كىمگە ساتىسەن؟ — سوراپتۇ دېھقان ئۆزىنىڭ كۆزى چۈشكەن ساندۇقنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— تۇتقان ساندۇقىڭنىڭ ئىچىدە زالىملىق بار. بۇنى پادىشاھقا ساتىمەن، — دەپتۇ سودىگەر. دېھقان قولىنى ئىككىنچى ساندۇققا يۆتكەپ سوراپتۇ:

— بۇنىچۇ؟

— بۇ ساندۇقتا ئادەم بار، — دەپتۇ سودىگەر، — ئالىملارغا ساتىمەن.

دېھقان بۇ سودىگەرنىڭ سۆزىگە ئەجەبلىنىپ، ئۈچىنچى ساندۇقنى تۇتۇپ، يەنە سوراپتۇ:

— بۇنى كىمگە ساتىسەن؟

— بۇ ساندۇقتا بېخىللىق بار، كىم ئەڭ باي بولسا شۇنىڭغا ساتىمەن، — دەپتۇ سودىگەر. دېھقان ئاخىرقى ساندۇقنى تۇتقان ئىكەن، سودىگەر دېھقانغا قاراپ:

— بۇ ساندۇقنىمۇ تۇتما، بۇنىمۇ ساڭا ساتمايمەن، — دەپتۇ. دېھقان سوراپتۇ:

— بۇنى كىمگە ساتىسەن؟

— بۇ ساندۇقتا ھىيلە-مىكىر بار، بۇنى مۇشۇ ئالەمدىكى قازىلارغا ساتىمەن، — دەپتۇ-دە، ئېشەكنى ھەيدەپ كېتىپ قاپتۇ. دېھقان ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابدۇللا باسىق
(ئىلى ۋىلايىتى توققۇز تارا ناھىيەسى)
توپلىغۇچى: تۇرسۇن زىردىن
مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# «مىللەتلەر فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى زامان جەمئىيىتى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان «مىللەتلەر فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى زامان جەمئىيىتى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» 1997-يىل 8-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 17-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

يىغىنغا مەملىكىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىن بولۇپ 90 دىن ئارتۇق ئالىم ۋە مۇتەخەسسىس قاتناشتى.

يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى جاڭ جۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى دۆۋەن تۇڭخۇا، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى باۋدۇگچۇەن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لاڭ يىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ليۇ بىڭ، ئابلىمىت سادىق، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پەخرىي رەئىسى، ئاتاقلىق ماناسچى يۈسۈپ مامايلار قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنغا گېرمانىيە، ياپونىيە، تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن فولكلورشۇناس ئالىملارنىڭ ئىچىدە تۈركىيە ئاتا تۈرك تىل ۋە تارىخ تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور، دوكتور رىشات گەنجى ئەپەندى، تۈركىيە ئېگەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، تۈرك دۇنياسى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى دوكتور فىكرەت تۈركمەن ئەپەندى، ياپونىيە خەلقئارا دوستلۇق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى دوكتور سېخىئو شىباتا ئەپەندى، گېرمانىيە بونن ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، دوكتور ۋېرنېر بانىڭ ئەپەندى قاتارلىقلارمۇ بار.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مىجىت ناسىر مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «فولكلور مىراسچانلىقىغا ئىگە خەلق مەدەنىيىتى. ئۇ مۇئەييەن دەۋر ۋە مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، پەلسەپە، دىن، ئەدەب-ئەخلاق ھەمدە قىممەت يۆنۈلۈشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت. ئۇ، خەلقنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. ھازىرقى جەمئىيەتتە ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ئۆزىدىكى ئەنئەنىۋىيلىكىنى ساقلاپ قالغاندىن سىرت يەنە ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگەرمەكتە. بۇ قېتىمقى يىغىندا ھەر قايسى دۆلەتتىن كەلگەن ئالىملار كەڭ دائىرىدە ئىلمىي ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق فولكلورنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرى، ھەر قايسى مىللەتلەر فولكلور ئەنئەنىسىنىڭ نىسبى مۇقىملىقى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى ئىجتىمائى تۇرمۇشقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى، شۇنداقلا فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ۋارىسچانلىقى بىلەن يېڭىلاش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر فولكلور مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، يامان، ناچار ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، ساغلام، ئىلغار ھازىرقى زامان مەنىۋى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئىقتىساد بىلەن جەمئىيەتنى بىرلىكتە تەرەققى قىلدۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.» مىجىت ناسىر شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلىرى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالى ھەققىدە قىسقىچە توختالغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «جەمئىيەتتە مۇشۇنداق چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولىۋاتقان دەۋردە شىنجاڭدا مانا مۇشۇنداق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىش بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا فولكلور مەدەنىيىتى ساھەسىدە دۇچ كەلگەن بىر قىسىم مۇھىم نەزەرىيە ۋە سىياسەت مەسىلىلىرىنى توغرا چۈشىنىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.»

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر چوڭ يىغىن ۋە گۇرۇپپا يىغىنلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئوقىدى ھەمدە «مىللەتلەر فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى زامان جەمئىيىتى» دېگەن باش تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا كەڭ كۆلەمدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىدا فولكلورنى ئىجتىمائى ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق نەزەرىيىۋى تەتقىقاتنى ئىجتىمائى تەرەققىياتقا پايدىلىق يۆنۈلۈشكە قاراتقان. ئۇلار ماقالىلىرىدا ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى فولكلور ئەنئەنىلىرى، فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرى، ئەنئەنىۋى ئاڭ، پسىخىكا، ئەخلاق ۋە قىممەت

قارشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرى، ماددىي فولكلور قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەتراپلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن.

بۇ قېتىمقى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان دەۋردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان ماقالىلار يىغىنغا سۇنۇلغان ماقالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنغا ئاپتونوم رايونىمىزدىن 40 تىن ئوشۇق ھەر مىللەت فولكلورشۇناسلار قاتناشتى. ئۇلارنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ تېمىلىرىمۇ فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى، يەنى ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى فولكلور ئەنئەنىسىنىڭ ئىپادىلىرى، ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلاردىكى فولكلور ئەنئەنىلىرى، ئەنئەنىۋى ئېتىقادلار، بازار ئىقتىسادى ۋە سودا ئەنئەنىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىز بۇ قېتىمقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ فولكلور تەتقىقاتچىلىقىدا جانلىنىش، ئىلگىرىلەش، چوڭقۇرلىشىش، كۆپ خىللىشىش ۋەزىيىتىنىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىنى، تەتقىقات قوشۇنىمىزنىڭ يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ پەيدىنپەي پىشىپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ بىر تۈركۈم ياش تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ يېتىشىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بۇ كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى خەلقئارا فولكلور ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئېچىلغانلىقى فولكلور بايلىقى مول، تەتقىقات نىسبەتەن ئاجىز تۇرىۋاتقان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت فولكلور تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى بىر پۇرسەت بولدى. ئۇلار مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر بىلەن ئىلمىي نۇقتىنەزەرلىرىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى.

يىغىندىن كېيىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر تۇرپاندىكى مىڭ ئۆي، يارغول قەدىمىي شەھىرىنى، بۇغدا كۆلى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلدى. بۇ جەرياندا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى غايەت زور ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى.

شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمىزكى، «مىللەتلەر فولكلور مەدەنىيىتى ۋە ھازىرقى زامان جەمئىيىتى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» خەلقئارادا «فولكلور مەدەنىيەت غەزىنىسى» دېگەن نامغا ئىگە بولغان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ فولكلور تەتقىقاتچىلىقىنى جانلاندۇرۇش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

ئۈچ كۈن داۋام قىلغان بۇ قېتىمقى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆزىنىڭ بارلىق كۈنتەرتىپلىرىنى تولۇق ئورۇنلاپ، غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى.

مۇختار مۇھەممەت

# 美拉斯

1997 年第四期　　（季刊）

（总第 46 期）　　每季中月 20 日出版发行



一对玫瑰……………………………………朱录者：帕孜力·穆罕默德（1）
情歌几束……………………………………采录者：素帕洪·沙吾如吾（5）
论维吾尔禁忌……………………………………克比努尔·穆罕默德（7）
玛木耐克与胡尼孜克……………………采录者：穆塔力甫·帕力塔吉（12）
论突厥民族婚礼中的“撒礼”习俗………………费克热提·吐尔克曼（44）
依沙木的新笑话…………………………采录者：麻合木提·穆罕默德（51）
生命之水的传说…………………………采录者：买买提明·艾依提（56）
马鞍的传说…………………………采录者：阿布来提·吾布力卡斯木（56）
旱獭的传说…………………………采录者：穆塔力甫·穆罕默德（57）
有关托库扎克地名的来历………………………………………………（58）
谚语几组……………………………………采录者：买买提艾力·沙依提（59）
买尼历拉巴奴……………………………………采录者：热比亚·艾买提（61）
四个箱子……………………………………采录者：吐尔逊·孜尔丁（90）
“民族民俗文化与当代社会国际学术讨论会”在乌市召开…………………
……………………………………………………穆合塔尔·穆罕默德（91）



主编：阿·沙迪克

副主编：亚森·孜拉力

责任编辑：玉苏甫·依沙克

# ئىزلار

① ② ئىسمائىل
③ ئەرشىدىن توختى
④ ئابلىكىم فوتوسى












مىراس 1997 - يىل 4 - سان (ئومۇمىي 46 - سان)

**Heritaga Uigur Foik Leterature (Quarterly) 美拉斯 （维吾尔文）**

«مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر خەلق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى نەشىر قىلدى. ئادرېسى: ئۈرۈمچى ئىتتىپاق يولى 51 - قورۇ. تېلېفون: 2866174. پوچتا نومۇرى: 830001. ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسمازاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65−1130/1. خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004−3829. ۋەكالەت نومۇرى: 60 — 58. باھاسى 3.00 يۈەن.

编辑：《美拉斯》编辑部 出版：新疆维吾尔自治区民间文艺家协会（乌市团结路51号） 电话：2866174
印刷：乌鲁木齐福利印刷厂。 发行：乌鲁木齐市邮局 订阅：全国各地邮局。 国内统一刊号
CN65－1130/1 国外统一刊号：ISSN1004－3829邮编：830001 刊号58－60定价：3.00元

ISSN 1004-3829

9 771004 382003 12>